
بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

## المسلم الصيني

## 中国穆斯林



مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة

2003.4

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




▲ جوڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 7-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 2-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى 10-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 17-كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.



▲ شىنجاڭلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىن ھۆججەتلىرىنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلماقتا.




▲ "شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش" ۋە يېڭى ۋەز-تەبلىغ سۆزلەش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى 9-ئاينىڭ 9-، 10-كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.



▲ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى قاتناشچىلىرى تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل ئاڭلىماقتا.




▲ «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر»نىڭ ئىككىنچى توپلىمىنى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى 9-ئاينىڭ 9-كۈنى ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.



▲ جوڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبىرى شىنجاڭلىق دىنىي زاتلارغا «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر» توپلىمىنى تەقدىم قىلماقتا.

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى 2003-يىل 10-ئاينىڭ 15-كۈنى چۈشتىن كېيىن خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جيا چىڭلىن، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خۇي لياڭيۈي(خۇيزۇ)، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى فۇ تيېشەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ليۇ يەندۇڭ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى بەي لىچىن (خۇيزۇ)، ئابلەت ئابدۇرېشىت، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى دېجۇ، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ ۋېيچۈن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن قاتارلىق رەھبەرلەر، قېرىنداش دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىلى، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى مەسئۇللىرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيتى 7-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 2-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى(كېڭەيتىلگەن) يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان بارلىق ۋەكىللەر، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيتىنىڭ بېيجىڭدىكى ھەيئەت ئەزالىرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيتىنىڭ دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم رەھبەرلىرى، مۇسۇلمان مۇتەخەسسىس-ئالىملار ۋە پايتەختتىكى ھەر ساھە زاتلىرىدىن بولۇپ 200دىن ئارتۇق ئادەم يىغىنغا ئىشتىراك قىلدى. يىغىندىن ئاۋۋال، جيا چىڭلىن، خۇي لياڭيۈي قاتارلىق مەركەز رەھبەرلىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيتى مەسئۇللىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە جەمئىيەت رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن داموللامنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى. ئاندىن بارلىق ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلىپ مەركىزىي كومىتېت، گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن تەبرىكلەش يىغىنىنى مۇبارەكلىدى ۋە بارلىق ۋەكىللەردىن ھەم ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىدىن ھال سورىدى، ۋەكىللەر بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

تەبرىكلەش يىغىنىدا مۇئاۋىن زۇڭلى خۇي لياڭيۈي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋە گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن مۇھىم سۆز قىلىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيتىنىڭ 50 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىش ۋە بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنىنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا يەنىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىشى توغرىسىدا تۆت تۈرلۈك تەلىپىنى قويدى. بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ ۋېيچۈن مۇھىم سۆز قىلىپ، مۇئاۋىن زۇڭلى خۇي لياڭيۈينىڭ مۇھىم سۆزىنى چوڭقۇر شەرھلەش بىلەن بىللە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرى ھەققىدە تۆت تۈرلۈك تەلەپنى قويدى. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن «ئىچكى جەھەتتە ساپانى ئۆستۈرۈپ، تاشقى جەھەتتە ئوبراز تىكلەيلى!» دېگەن تېمىدا سۆز قىلىپ، ئۇمۇ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيتى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىدىن كۈتىدىغان تۆت تۈرلۈك ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىندا يەنە جۇڭگو كاتولىك دىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى ليۇ بونيەن مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلارغا ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيتىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن دامولللام «ۋەتەننى، دىننى سۆيۈپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى.

15-ئۆكتەبىر كەچتە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن بېيجىڭ خەلقئارالىق مېھمانخانىدا كۈتىۋېلىش زىياپىتى ئۆتكۈزۈلدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى بەي لىچىن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ ۋېيچۈن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن قاتارلىق رەھبەرلەر ۋە 20 نەچچە ئەرەب-ئىسلام ئەللىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ھەم تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەر، مېھمانلار بولۇپ جەمئىي 300دىن ئارتۇق ئادەم زىياپەتكە داخىل بولدى. كۈتىۋېلىش زىياپىتىگە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەمسىددىن ھاجى رىياسەتچىلىك قىلدى، رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن دامولللام جۇڭگو ئىسلام جەمئىيتىگە ۋاكالىتەن تەبرىك سۆزى قىلدى.

## مۇندەرىجە


### ▼ ئالاھىدە خەۋەرلەر ▼

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى................. (1)

ئەجىرلىك مۇساپە، شانلىق نەتىجە
—— جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق تويىغا مۇبارەك .......................... ھاجى مەھمۇدى (33)

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 7-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 2-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى................................................ (4)

" شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش" ۋە يېڭى ۋەز-تەبلىغ سۆزلەش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى................................................ (6)

«يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر»نىڭ ئىككىنچى توپلىمىنى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى................ (7)

### ▼ ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى ▼

ئىمان ۋە ئەمەل.................................. نەزىرە مۇھەممەد سالىھ (8)

تەقدىرگە ئىشىنىش ۋە كىشىلىك مەسئۇلىيەت توغرىسىدا....... ........................................ ئابدۇللەھەد قۇربان ھاجى (14)

### ▼ ۋەز-تەبلىغ ▼

پاكلىق ۋە پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىش توغرىسىدا............ ................................... ئەمەتجان ئابلىمىت (20)

مۇسۇلمانلار، دوستلۇقنى قەدىرلەيلى.........ئابدۇللا ھوشۇر (25)

### ▼ ئىسلام دىنى ۋە بەخت-سائادەت ▼

مەنىۋى بايلىق ۋە بەخت- سائادەت.......................... ....................... ئابدۇرېقىپ ئابدۇغېنى مۇخلىس (28)

### ▼ ئىسلام دىنى ۋە ئىتتىپاقلىق ▼

ئىتتىپاقلىشايلى، ئىختىلاپ قىلىشمايلى.......................... ................................. ئابدۇكېرەم قارىم (34)




4


## جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

( 季刊  پەسىللىك ژۇرنال )

(总第69期  ئومۇمىي69 -سان )

باش مۇھەررىر :
شەمشىدىن ھاجى

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر :
ھاجى بارات رەجەپ

تېخنىك تەھرىر:
ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد

تەكلىپلىك تەھرىر:
ئادىل ھاجى كېرەم

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى :
شەمشىنۇر ھوشۇر

主　　编: 夏米西丁・哈吉
副 主 编: 巴拉提・热吉甫
技术编辑: 安瓦尔・穆罕默德
特邀编辑: 阿迪力・阿吉克力木
封面设计: 夏美希努尔・吾守尔

刊号

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1007-5836

دۆلەت ئىچى نومۇرى: CN11-1346/B

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 邮发代号: 58—167

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:Q1720

国外代号: Q1720

CHINA MUSLIM

# مۇندەرىجە

## ▼ئاتا-ئانىلار ۋە پەرزەنتلەر▼

ئاتا- ئانىنى قەدىرلەش ۋە ھۆرمەتلەش ھەر بىر پەرزەنتنىڭ
مەجبۇرىيىتى.......................... ئابدۇغېنى ئابدۇۋەلى (38)
ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى
توغرىسىدا ........................ سادىق قارىم (42)

## ▼ئىمام-خاتىپلىرىمىز▼

بىزنىڭ ئىماملىرىمىز.................... ياقۇپ ھەمدۇللا (45)

## ▼مەسچىت- مەدرىسلەر▼

دامىكۇ پۇناق مەدرىسى ۋە ئابدۇرەھمان
قارىئاخۇنۇم.................. ئابدۇغېنى قۇربانىنىياز (53)

## ▼ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى▼

ھېبىبۇللا مەتسەيدى، ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد، سىدىق تۇردى،
شاھمەردان ئىمىننىياز، زۇنۇن ھاجى قاتارلىقلار خەۋىرى.... (59)

## ▼ئىسلام مائارىپى▼

ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد، سىدىق تۇردى، ھېبىبۇللا مەتسەيدى،
مۇھەممەد ئىمىن قۇربان قاتارلىقلار خەۋىرى ................ (59)

## ▼تۆھپىكار دىنىي زاتلار▼

ئابدۇراخمان نۇرمەھەممەت، ئۆمەرجان مۇھەممەد، ئەنۋەر تۇردى،
سىدىق تۇردى، تۇرانقىز ياسىن، مۇساجان ياسىن، سادىر سابىر، غۇپۇرجان
ياقۇپ، تاھىرجان قادىر، كېرەم روزى قاتارلىقلار خەۋىرى ........... (60)

## ▼ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار▼

ئابابەكرى خوجا، رەيھانگۇل تۇراق، ھەسەنجان قۇربان، مۆمىنجان
قادىر قاتارلىقلار خەۋىرى.................................. (61)

## ▼ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»▼

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلىنىڭ2003-يىللىق
سانلىرىدىكى ئاساسلىق ماقالىلەرنىڭ مۇندەرىجىسى .... (64)

مۇقاۋىدا: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى خىزمەت بىناسى

( بۇ سان2003-يىل 12- ئاينىڭ 1- كۈنى نەشردىن چىقتى )

2003
4

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى، نەشر قىلغۇچى: «جۇڭگو
مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى
باسما زاۋۇتى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى:
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى
پوچتىخانىلار؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلى ئۇيغۇر
تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېس: بېيجىڭ شەھىرى شۈەنۋۇ رايونى
نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100053 فاكس: 83520073
تېل: 83520073، 63513181 - 010
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى: ئۈرۈمچى يەنئەن
يولى119-قورۇ پوچتا نومۇرى:830001
تېل: 0991-2566193
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى شىركىتى
چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ.

主　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
印　刷：中央民族大学印刷厂
订阅、发行：全国各地邮局、乌鲁木齐市
邮政局；《中国穆斯林》维文编辑部
地址：北京市宣武区南横西街103号
邮编：100053 电话：010-63513181
010-83520073（兼传真）
新疆发行站：乌鲁木齐市延安路119号
邮编：830001电话：（0991）2566193
国外发行：中国国际图书贸易公司

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 7-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 2-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى**: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 7-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 2-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى 2003-يىل 10-ئاينىڭ 15-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭدا ئېچىلدى. مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ۋە ھەر قايسى ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى ۋە بىر قىسىم تەكلىپلىك ۋەكىللەر بولۇپ 87 ئادەم يىغىنغا قاتناشتى. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمى 2-ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيۇڭ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 1-مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى شۈي يۈەنجې، مۇئاۋىن باشلىقى گو چېنجېن قاتارلىق ئالاقىدار مەسئۇللار يىغىنغا ئىشتىراك قىلىپ يېتەكچىلىك قىلدى. يىغىندا ياڭ تۇڭشياڭ دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىغا ۋاكالىتەن مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىن جەريانىدا يىغىن قاتناشچىلىرى مۇئاۋىن زۇڭلى خۇي لياڭيۈنىڭ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ۋە مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ ۋېيچۈن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېنلارنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ مۇزاكىرە قىلدى ھەمدە ئۆز جايلىرىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئەستايىدىل يەتكۈزۈپ ئىزچىللاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

يىغىن قاتناشچىلىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈينىڭ «ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلايلى» دېگەن تېمىدىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۈچ يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرى توغرىسىدىكى دوكلاتى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك خىزمىتى توغرىسىدىكى پىكىرىنى ئاڭلاپ ئۆتتى ۋە مۇھاكىمە قىلىشتى؛ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دىنىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ بەرگەن «جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى»نى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن بەرگەن «پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىسلام دارىلفۇنۇنلىرىنىڭ بىر تۇتاش دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات»نى ئاڭلاپ ئۆتتى.

مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي خىزمەت دوكلاتىدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۈچ يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرىنى تۆۋەندىكى ئالتە جەھەتتىن ئەتراپلىق خۇلاسىلەپ ئۆتتى: (1) "تۆتنى قوغداش" تا چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي-دىنىي سىياسىتىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈشىگە ئاكتىپ ياردەمدە بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرى سۈردۇق؛ (2) "شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش" خىزمىتىنى يېتەكچى قىلىپ، دىنىي ئىشلار خىزمىتى سەۋىيىسىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك، دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە زوراۋان تېررورلۇققا بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇپ، ئىسلاھات، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىن ئىبارەت چوڭ ۋەزىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇق؛ (3) ھەج تاۋاپ ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، چەت ئەللەر بىلەن بولغان بېرىش-كېلىش پائالىيىتىنى ئاكتىپ ۋە سالماق قانات يايدۇرۇپ، چەت ئەل مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان دوستانە بېرىش-كېلىش ۋە ئالماشتۇرۇش ھەمكارلىقىنى يۈكسەلدۈرۈپ، چەت ئەللەرگە قارىتىلغان تەشۋىقات سالمىقىنى كۈچەيتىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئەلئارا دىپلوماتىيە ئىشلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت

قىلدۇق؛ (4) دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك ئاچقۇچ قىلىپ، ئىسلام دارىلفۇنۇنلىرىنىڭ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىسلام دارىلفۇنۇنلىرىنى باشقۇرۇش فاكۇلتېتىنى ۋە ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى نەق جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋەتەننى، دىنىنى سۆيىدىغان، يۇقىرى ساپالىق ئىسلامىيەت خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش يولىدا تىرىشتۇق؛ (5) ئېسىل ئەنئەنىلەرنى جارى قىلدۇرۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ روھى ۋە ئېتىقاد ساپلىقىنى قوغداپ، ئىسلام مەدەنىيىتى تەشۋىقاتى ۋە ئىلمىي تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇق؛ (6) مۇلازىمەت سەۋىيىسى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى نىشان قىلىپ، سىرتقى جەھەتتە ئوبراز تۇرغۇزۇپ، ئىچكى جەھەتتە ساپانى ئۆستۈرۈپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، بارلىق خادىملارنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيەت ئېڭى، سىياسەت ئېڭى ۋە مۇلازىمەت ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇق.

بۇ قېتىمقى يىغىندا يەنە، يولغا قويۇلغىلى 10 يىلدەك بولغان «مەسچىتلەرنى دېموكراتىك باشقۇرۇشنىڭ سىناق چارىسى» قايتىدىن مۇزاكىرە قىلىندى ۋە ئۇنىڭغا بەزى تۈزىتىش پىكىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ «ئىسلام دىنى خادىملىرىدىن سىناق ئېلىپ بېكىتىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى) مۇھاكىمە ۋە مۇزاكىرە قىلىندى ۋە تۈزىتىپ چىقىلدى. يىغىندا گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ مۇزاكىرە قىلىنغاندا، يىغىن قاتناشچىلىرى كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن سۆزلەپ، ھەر كىم ئۆز قارىشىنى بايان قىلىپ، ھەر قايسى جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمىتى توغرىسىدا نۇرغۇن قىممەتلىك پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بېرىش ئارقىلىق، بىر نىيەتتە بولۇپ، دېموكراتىك كېڭىشىپ، دىنىي ئىشلارنى بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىش روھىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى.

10-ئاينىڭ 17-كۈنى يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا، مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي يىغىن خۇلاسىسىنى چىقاردى، مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد سىددىق ما جۇڭجې يىغىننىڭ «مۇھىم مەزمۇن خاتىرىسى»نى ئوقۇپ ئۆتتى. يىغىندا «پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىسلام دارىلفۇنۇنلىرىنىڭ دەرسلىكلىرىنى تەھرىرلەپ بېكىتىش ھەيئىتى»نىڭ ئاساسىي مەقستى ۋە ھەيئەت ئەزالىرى ئىسمىلىكى ماقۇللاندى. بېيجىڭ شەھىرى چاۋياڭ رايونى چاڭيىڭ مەسچىتى، قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى قاتارلىق بەش «مەملىكەت بويىچە ئۈلگىلىك مەسچىت»نىڭ تەجرىبىلىرى يىغىندا سۆزلىنىپ تەجرىبە ئالماشتۇرۇلدى.

## ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى چەت ئەلدىكى دىنىي ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا چىقىدىغان تالىپلارنى قوبۇل قىلدى

2003-يىل 8-ئاينىڭ 29-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىرى خۇجيايەن، نۇر بەكرىلەر مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى، پاكىستان خەلقئارالىق ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ئومان شەرىئەت دارىلفۇنۇنىنىڭ تولۇق كۇرس سىنىپىغا ئوقۇشقا بارىدىغان 5 نەپەر شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى تالىپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ ۋە يېڭى بىلىملەرنى ئىگەللەپ، ۋەتەننى، دىنىنى سۆيىدىغان يۇقىرى ساپالىق دىنىي زات بولۇپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلدى. تالىپلار ۋەكىلىمۇ، پارتىيە ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويماي، ئۆگىنىش پۇرسىتىنى چوقۇم قەدىرلەپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئوقۇش تۈگەتكەندىن كېيىن بىر قەدەر يۇقىرى بىلىملىك ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. شۇ كۈندىكى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە 31-ئاۋغۇستتىكى «شىنجاڭ گېزىتى»مۇ بۇ قوبۇل قىلىش ئەھۋالىنى خەۋەر قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىمۇ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلارغا سوۋغا-سالام ئاتىدى ۋە زىياپەت بەردى. (كېرەم ئابلىز)

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتاپ www.uyghurkitap.com

## ”شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش“ ۋە يېڭى ۋەز-تەبلىغ سۆزلەش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** 2003-يىل 9-ئاينىڭ 9-، 10-كۈنلىرى دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ئۈرۈمچىدە شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش ۋە يېڭى ۋەز-تەبلىغ سۆزلەش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن رەئىس ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن داموللا، مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە باش كاتىپ مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۇيلار بۇ يىغىنغا قاتناشتى. بۇ يىغىنغا يەنە شىنجاڭ، نىڭشيا، گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق 11 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرى قاتارلىقلار قاتناشتى. مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمى، مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىمۇ ئادەم ئەۋەتىپ يىغىنغا قاتناشتۇردى. شىنجاڭدا دىنىي خىزمەت جەھەتتە تەكشۈرۈش-تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جيا چىڭلىن، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ليۇ يەندۇڭ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىن باشلىنىش ئالدىدا ۋەكىللەر بىلەن كۆرۈشتى ۋە بىللە سۈرەتكە چۈشتى. ئاندىن جيا چىڭلىن مۇھىم سۆز قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ”شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش“ خىزمىتىگە يۇقىرى باھا بەردى؛ يېڭىدىن تۈزۈلگەن «ۋەز-تەبلىغلەر»نى ماختىدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن بۇ خىزمەتنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن رىياسەتچىلىك قىلدى. مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ليۇ يەندۇڭ يىغىندا سۆز قىلىپ، نۆۋەتتىكى دىنىي خىزمەت ۋەزىيىتىنى ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى، ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش مۇھىم ئىدىيىسىنى دىنىي خىزمەتكە يېتەكچى قىلىپ، دىن خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت بەرپا قىلىشنى تەلەپ قىلدى، ئىسلام دىنىنىڭ ”شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش“ خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى.

تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى نۇر بەكرى شىنجاڭنىڭ دىن خىزمىتى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن داموللا «”شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش“ ۋە يېڭى ۋەز-تەبلىغ سۆزلەش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەيلى» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بېرى ”شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش“ ۋە يېڭى ۋەز-تەبلىغ سۆزلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى خۇلاسىلىدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇ جېنچياڭ، قەشقەر، خوتەن، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىندا سۆزگە چىقتى. شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەبەيدۇللا داموللا ھاجى ”شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش“ ۋە يېڭى ۋەز-تەبلىغ سۆزلەش تەجرىبىلىرى ۋە تەسىراتىنى سۆزلەپ ئۆتتى.

تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى 9-ئاينىڭ 10-كۈنى يېپىلدى. يېپىلىش يىغىنىدا، مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى لىن جۈگىياڭ ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ھاپىز نىياز سۆز قىلدى. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ خۇلاسە چىقاردى.

## «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر»نىڭ ئىككىنچى توپلىمىنى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى

(ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى) جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىگە «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر»نىڭ ئىككىنچى توپلىمىنى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى 2003-يىل 9-ئاينىڭ 9-كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي رىياسەتچىلىك قىلدى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن داموللا، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرلان ئابدۇمەنجىن مۇراسىمغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى. “شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش” ۋە يېڭى «ۋەز-تەبلىغ» سۆزلەش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ۋەكىللەر، شىنجاڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋەكىللىرى قاتارلىقلار بولۇپ 200 دەك ئادەم مۇراسىمغا قاتناشتى. شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم روزى مۇراسىمدا سۆز قىلدى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋە شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرگە ۋاكالىتەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىگە سەممىي تەشەككۈر ئېيتتى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بۇ نۆۋەت شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىگە «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر»نىڭ ئىككىنچى توپلىمىنىڭ ئۇيغۇرچىسىدىن 100 مىڭ نۇسخا، خەنزۇچىسىدىن 20 مىڭ نۇسخا تەقدىم قىلدى، بۇنى شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا تارقىتىپ بەرمەكچى.

## دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار خوتەنگە يەنە ئىئانە ئاتىدى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، چوڭ ئۆلىما ئابدۇللەتىپ داموللا ھاجى بۇ يىل 1-ئايدا مەركەز رەھبەرلىرىگە خەت يېزىپ، خوتەن ئىسلام جەمئىيىتى ۋە دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ قاتناش، خەۋەر-ئالاقىلىشىش ئەسلىھەلىرىنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى ئىنكاس قىلغانىدى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جيا چىڭلىن بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ياردەم بېرىشىنى تاپىلىغان. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، جياڭسۇ ئۆلكىلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى خوتەنگە ئىككى ئاپتوموبىل ئىئانە قىلدى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ئۈچ يۈرۈش ئىشخانىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش ئۈسكۈنىسى ئىئانە قىلدى.

ئۆتكەن يىل ئەتىيازدىمۇ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، گۇاڭدۇڭ، جېجياڭ مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتلىرى نامرات رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ساقلىقنى ساقلاش، داۋالاش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى بىر قىسىم ئورۇنلارغا ئۈچ مىليون يۈەن قىممىتىدە داۋالاش ئۈسكۈنىسى ئىئانە قىلغانىدى. بۇ نۆۋەتتىكى ئىئانە ئاتاش پائالىيىتىدىن كېيىن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى: بۇنىڭدىن كېيىنمۇ قىيىنچىلىقى بار نامرات جايلارغا ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى پىلانلىق، نىشانلىق ھالدا ئۇيۇشتۇرىمىز، دېدى. (ماتېرىيالدىن)

# ئىمان ۋە ئەمەل

نەزىرە مۇھەممەد سالىھ

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە تۇتىشىدىغان مۇكەممەللىكى ئۇنىڭ ئىنسانىنىڭ بىلىش ۋە ئىشىنىشى زۆرۈر بولغان ئەقىدە قىسمى بىلەن ئىبادەت، ئەخلاق، تۇزۇم، مۇئامىلىدەك شەرىئەت قىسمىنىڭ بىرىكمىسى ئاستىدا ۋۇجۇدقا چىققان. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بەندىنىڭ ئەمەللىرىنىڭ يېتەكچىسى ۋە ئۆلچىمى سۈپىتىدە كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان ئىمان بولسا ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ ئاساسى بولغان ئەقىدە قىسمى بولۇپ، يەنە " ئېتىقاد، ئەقىدە" سۆزلىرى بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

ئەرەبچىدىن كىرگەن"ئىمان" سۆزى تىل نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا،"ئىشىنىش، تەستىقلاش" مەنىسىدە بولۇپ، دىنىي ئاتالغۇ جەھەتتىن ئاللاھنىڭ بىرلىكى، زاتى-سۈپەتلىرىگە، پەرىشتىلىرىگە، پەيغەمبەرلىرىگە، نازىل قىلغان كىتابلىرىغا، ئاخىرەت كۈنىگە ۋە تەقدىرىگە ئىمان ئېيتىشنى كۆرسىتىدۇ. ئىمان گوياكى بىر ئۇل تاش بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ قالغان ئەھكام-ئەركانلىرى مۇشۇ ئۇل-ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان. بەندىنىڭ بارلىق ئەمەللىرى ۋە ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىمۇ ئۇنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتقان ئىمانىنىڭ دۇرۇسلۇقى ۋە دەرىجىسىگە باغلىق بولىدۇ. ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ. **"ئىنسانىنىڭ بەدىنىدە بىر پارە گۆش بار، ئەگەر ئۇ تۈزەلسە ئىنسانىنىڭ ھەممە ئىشلىرى تۈزۈلىدۇ، ئەگەر ئۇ بۇزۇلسا بارلىق ئىشلىرى بۇزۇلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ قەلبتۇر"** دېگەن ھەدىسىدىكى قەلب دەل ئىمانىنىڭ تىمسالىدۇر. شۇنداق بولغاچقا «قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە ئىمان سۆزى ناھايىتى كۆپ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئىماننىڭ مەزمۇنلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئاللاھ تائالا سۈرە«نىسا» دا ئىماننىڭ بۆلەكلىرىنى بىر-بىرلەپ تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ. **"ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاللاھ ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا(يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا(يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا)ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ"** {سۈرە «نىسا» (4-سۈرە)، 136-ئايەت}.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەئرابى سىياقىدا كەلگەن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام، ئىمان، ئېھسان ھەققىدە سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەندە، ئىماننىڭ يۇقىرىدىكى بەش بۆلىكىگە قوشۇپ، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىشنى تىلغا ئالغان. مانا بۇ ئالتە نۇقتا ئاللاھ بۇيرۇغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلغان ئىماننىڭ مەزمۇنلىرى بولۇپ، بۇلار ئايرىلماس بىر پۈتۈن گەۋدىنى تەشكىل قىلغان. بەندە پەقەت بۇلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋەتمەي، قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن رەۋىشتە ھەممىسىگە تولۇق ئىشەنگەندىلا ئاندىن ئىمانى كامىل ھېسابلانغان بولىدۇ. ھالبۇكى بۇلارنىڭ

بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلىش بولسا كىشىنى ئىمان دائىرىسىدىن چىقىرىپ كۇفرىلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ئىمان مەسىلىسى بەندىنى ئىسلام ياكى كۇفرىلىققا ھۆكۈم قىلىنىدىغان نېگىزلىك مەسىلە بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئىماننىڭ مەزمۇنلىرىنى ئومۇمىي رەۋىشتە بىلىۋېلىشى ۋە ئۇنى ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە تەتبىقلىشى پەرزى ئەيىن ھېسابلىنىدۇ.

## ئىماننىڭ مەزمۇنلىرى(ئەركانلىرى)

1. ئاللاھنىڭ بىرلىكى، زاتى-سۈپەتلىرىگە ئىمان ئېيتىش. بۇنىڭ مەنىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئاسمان-زېمىندىكى جىمى نەرسىنى يوقتىن بار قىلغۇچى، ياراتقۇچى ئىگە ئىكەنلىكى، بەندىنىڭ ناماز، روزا، زاكات، ھەج، ھەمدۇ-سانا، دۇئايى ئىلتىجا بىلەن ئىبادەت قىلىشىغا لايىق بولغان، بارلىق كامالى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگۈچى، بارلىق كەمچىلىكلەردىن پاك، ھەممىگە قادىر يەككە-يېگانە زات ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىشتۇر. مانا بۇ تەۋھىد ئۇلۇھىيە، تەۋھىد رۇبۇبىيە ۋە ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىدىكى تەۋھىدتىن ئىبارەت تەۋھىدنىڭ ئۈچ قىسمىنىڭ ئىخچام مەزمۇنىدۇر. بۇ نۇقتا ئىماننىڭ جېنى-روھى بولۇپ، قالغان بەش بۆلەك مۇشۇ جەۋھەر ئاساسىغا بىنا قىلىنغان. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان رەۋىشتە ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش تەكىتلەنگەن ئايەتلەر قۇرئاندىكى ھەر بىر سۈرە، ھەر بىر بەتتە ئۇچراپ تۇرىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەت ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

**"بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر؛ ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ(مۈلكى)دۇر؛ ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى(يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى(يەنى ئۇلار ئۈچۈن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن (ئاللاھ) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن(يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن)باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھنىڭ كۇرسىسى (مەلۇماتى)ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان-زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر"**{سۈرە«بەقەرە» (2-سۈرە)، 255-ئايەت}.

2. پەرىشتىلەرگە ئىمان ئېيتىش: بۇ پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ نۇردىن ياراتقان مەخلۇقاتلىرى ئىكەنلىكى، ئۇلار كېچە-كۈندۈز ئاللاھقا تائەت-ئىبادەت قىلىش، تەسبىھ ئېيتىشتىن باشقا، ئاللاھ بۇيرۇغان بەزى ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان، يېيىش-ئىچىش، شەھۋەتتىن خالىي، ئاللاھنىڭ ھۆرمەتلىك بەندىلىرى ئىكەنلىكىگە قەتئىي رەۋىشتە ئىشىنىشتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋە ئەرشنىڭ چۆرىسىدىكى پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمدى ئېيتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ، مۆمىنلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ): پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەۋبە قىلغانلارغا ۋە سېنىڭ يولۇڭغا ئەگەشكەنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن"**{سۈرە «غافىر»(40-سۈرە)، 7-ئايەت}.

پەرىشتىلەر ھەققىدە قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن يۇقىرىقى سۈپەتلەر، ئۇلارنىڭ سانىنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكى، قانىتى بارلىقى، ھەر خىل قىياپەتلەرگە كىرەلەيدىغان، مۆمىنلەرنى توغرا يولغا رىغبەتلەندۈرىدىغان ۋە ۋەھيى يەتكۈزۈش، بەندىنىڭ نامە ئەماللىرىنى يېزىش، جەننەت ۋە دوزاخقا مۇئەككەللىك قىلىشتەك ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن بىلىش كۇپايە، ئەمما پەرىشتىلەرنىڭ ھەقىقىتى، ئۇلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

قانداق ياراتقانلىقى، تەپسىلىي ئەھۋالى بىر ئاللاھقا مەلۇم بولغان ئىلمى غەيبتۇر.

3. پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىش: بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھەر بىر ئۇممەتنى ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ سانى پەقەت ئاللاھقىلا مەلۇم بولۇپ، ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەستىن ھەممىسىگە ئىمان ئېيتىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تېخىمۇ تەپسىلىي ھالدا پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئۇممىتىنى بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى تەتبىقلاشقا دەۋەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان گۈزەل ئەخلاقلىق، ئاللاھ ئۇلارغا خاس قىلغان مۆجىزىلەرگە ئىگە، چوڭ گۇناھلاردىن پاك، ئاللاھنىڭ تاللانغان بەندىلىرى ئىكەنلىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قۇرئاندا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەر 25 بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا ئىسمى زىكىر قىلىنمىغان نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنىڭ بارلىقىغىمۇ ئىمان ئېيتىش زۆرۈر. چۈنكى ئاللاھ تائالا سۈرە«غافىر»دا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ” **سەندىن ئىلگىرى بىز ھەقىقەتەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ساڭا بايان قىلىپ بەرگەنلىرىمىزمۇ، بايان قىلىپ بەرمىگەنلىرىمىزمۇ بار“** {سۈرە«غافىر»(40-سۈرە)، 78-ئايەت}.

4. ئاللاھ تائالانىڭ نازىل قىلغان كىتابلىرىغا ئىمان ئېيتىش: ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋمىنى ھىدايەت قىلىشى ئۈچۈن كىتابلارنى نازىل قىلغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. بۇلاردىن ئېنىق تىلغا ئېلىنغانلىرى ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان «قۇرئان كەرىم»، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان «تەۋرات»، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان «ئىنجىل»، داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان «زەبۇر»، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان سۇھۇفلار(پارچىلار)دۇر. ئىماننىڭ ئەركانلىرىدىن بىرى يۇقىرىقى كىتابلارغا ئىمان ئېيتىش. ئەمما شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بۇ كىتابلار ئەسلىدە بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە ئىتائەت قىلىشنى ئورتاق مەزمۇن قىلغان بولسىمۇ، «قۇرئان كەرىم»دىن باشقىسى ئىنسانلارنىڭ قول تەگكۈزۈشى بىلەن ئۆزگىرىپ ئەسلى ھالىتىنى يوقاتقان. ئاللاھ تائالانىڭ” **قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز“** {سۈرە«ھىجر» (15-سۈرە)، 9-ئايەت}؛ ”**شۈبھىسىزكى، قۇرئان كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلغانلار(قاتتىق جازاغا ئۇچرايدۇ)، شۈبھىسىزكى، قۇرئان غالىب كىتابتۇر. ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ(يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر“** {سۈرە «فۇسسىلەت»(41-سۈرە)، 41-، 42-ئايەت} دېگەن ۋەدىسى بويىچە، قۇرئاننىڭ پۈتۈن ئىنسانلارغا نازىل قىلىنغان ئاللاھنىڭ كالامى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ قانداق نازىل قىلىنغان بولسا، تا قىيامەتكىچە شۇ خىل ھالەتتە ساقلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭدا بۇيرۇلغان ئىشلارنى ئادا قىلىش، مەنئىي قىلىنغان ئىشلارنى تەرك ئېتىش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر.

5. ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش: بۇ قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە خەۋەر بېرىلگەندەك، ئۆلۈم ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاخىرقى پەللىسى ئەمەسلىكى، بەلكى ئۆلگەندىن كېيىنكى ھاياتى بەرزەخىيە، قەبرە ئازابى ۋە نېمەتلىرى، قىيامەت كۈنىدىكى قايتا تىرىلىش، ئەمەللەردىن بېرىلىدىغان ھېساب-كىتاب، جەننەت ۋە دوزاختىن ئىبارەت ئاخىرەتتە ئىنسان ئۈچۈن تەييارلانغان بارلىق نەرسىلەرگە ئىمان ئېيتىشنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ” **سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن(يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن ھەر**

**كىشى قىلغان (ياخشى-يامان) ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئەمەلى كېمەيتىلىپ، يامان ئەمەلى كۆپەيتىلمەيدۇ)‘‘** {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 281-ئايەت}. ئاخىرەتكە بولغان ئىمان ئىسلام دىنىنىڭ ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم ھەققىدىكى ئۆزگىچە مۇكەممەل قارىشىنى ئەڭ يارقىن رەۋىشتە گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ، شۇنداقلا ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ روھىي ھاياتىنى قۇياشتەك يورۇتۇپ، ئۇنى پەرۋەردىگارغا يۈزلىنىش ئىشتىياقى ۋە قورقۇنچى بىلەن ئەمەللىرىنى تۈزەشكە دەۋەت قىلىدۇ.

6. تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش: بۇ كائىناتتىكى ھەر بىر ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىنسان ھاياتىدا دۇچ كەلگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر ئاللاھنىڭ پۈتكەن تەقدىرى، ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىشتۇر. تەقدىر ھەققىدىكى توغرا ئەقىدە ئىنسانغا پەرۋەردىگارنىڭ ھېكمەت-ئەزىمىتىنى، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلمى ئەزەلىسىنى ھېس قىلدۇرۇش بىلەن بىللە يەنە ئىنساننى ھەممە ئىشقا سەۋەب قىلىش، تەدبىر بىلەن ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

## ئىماننىڭ كۈچىيىدىغانلىقى ۋە ئاجىزلىشىدىغانلىقى

ئىمان بولسا بەندىنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە قوبۇل بولۇشىنىڭ شەرتى بولۇپ، ئىمانسىز قىلىنغان تاغدەك ياخشى ئەمەللەرنىڭمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىر تىيىنلىق ساۋاب-ئەجرى بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئىماننىڭ زىيادە بولۇش ۋە ئاجىزلىشىپ كېتىشى مۇمكىنلىكى ھەققىدە بىر قاتار ئايەتلەرنى نازىل قىلغان. ’’**پەقەت ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۈل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۆمىنلەردۇر‘‘** {سۈرە «ئەنفال» (8-سۈرە)، 2-ئايەت}. ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

’’**سىلەردىن كىمكى بىرەر يامان ئىشنى كۆرسە ئۇنى ھەرىكىتى ئارقىلىق توسسۇن؛ مۇنداق قىلىشقا قادىر بولالمىسا سۆزى ئارقىلىق توسسۇن؛ بۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا ئۇنىڭغا دىلىدا نارازى بولسۇن، بۇ ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىز دەرىجىسىدۇر‘‘**. مانا بۇلارغا ئاساسەن ئىسلام ئۆلىمالىرى ئىلىم، ياخشى ئەمەل، ئاللاھنى زىكرى قىلىپ تائەت-ئىبادەت قىلىشنىڭ بەندىنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتىپ مۇستەھكەملەيدىغانلىقى؛ يامان ئەمەللەر ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن غەپلەتتە قېلىشنىڭ ئىماننى ئاجىزلاشتۇرىدىغان سەۋەبلەر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭغا يەنە قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى ئەڭ ئوبدان چۈشەنگۈچى ساھابىلار ۋە تابىئىنلارنىڭ سۆز-ئەمەللىرىدىن مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن. ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دائىم ساھابىلارغا’’ كېلىڭلار، ئاللاھنى زىكرى قىلىپ، تائەت-ئىبادەت بىلەن ئىمانىمىزنى كۈچەيتەيلى‘‘ دەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئۇمەير ئىبنى ھەبىب: ’’ ئىمان كۈچىيىدۇ ۋە ئاجىزلىشىدۇ‘‘ دېگەندە، كىشىلەر ئۇنىڭدىن: ’’ئۇنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئاجىزلىشىشى قانداق بولىدۇ؟‘‘ دەپ سورىغان. ئۇمەير: ’’ئەگەر ئاللاھنى زىكرى قىلساق، ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا، تەسبىھ ئېيتساق بۇنىڭ بىلەن ئىمانىمىز كۈچىيىدۇ، ئەگەر غەپلەتتە قېلىپ، ئاللاھنى ياد ئېتىشنى ئۇنتۇساق ئاجىزلىشىدۇ‘‘ دېگەن. ئىمام تەھاۋى «ئەقىدەتۇت تەھاۋىيە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ’’ئەسلى ئىمان بىردۇر، بەندىلەرمۇ باراۋەردۇر. پەقەت ئۇلار تەقۋالىق ۋە ھاۋايى ھەۋەسكە ئەگەشمەسلىك بىلەن ئىماندا بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولىدۇ‘‘.

دېمەك ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى ئىزدەيدىغان بەندىنىڭ ئىمانىنىڭ مەزمۇنلىرىنى تولۇق بىلىۋېلىش ۋە تەتبىقلاشتىن باشقا يەنە ئىلىم، ياخشى ئەمەل ۋە ئاللاھنى زىكىر قىلىش بىلەن ئىمانىنى دائىم كۈچەيتىپ مۇستەھكەملەپ تۇرۇشى زۆرۈردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئىمان مىزانىدىكى ئەمەل

گەرچە بەزى شەكىل جەھەتتىكى پىكىر ئىختىلاپى بولسىمۇ ئەھلى سۈننە ۋە جامائەنىڭ ئىمانغا بېرىدىغان تەبىرى شۇكى، ئىمان بەندىنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى چىن دىلى بىلەن تەستىقلىشى، تىلى بىلەن ئىقرار قىلىشى، ھەرىكىتى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئادا قىلىشىدۇر. مانا بۇ تەبىر ئىماننىڭ بەندىنىڭ قەلبىگىلا خاس بولماستىن، بەلكى ئېتىقادنى ماسلاشقان ئەمىلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ دائىرىلىك ئىبارە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلىدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ''**ئىماننىڭ 70 نەچچە شاخچىسى بار، ئۇنىڭ يۇقىرىسى 'لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ' (بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق) دېيىش، ئەڭ تۆۋىنى يولدىكى ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىشتۇر، ھايا ئىماننىڭ جۇملىسىدىندۇر**''.

ئەرەبچىدىن كىرگەن ''ئەمەل'' سۆزى 'بەندىنىڭ ئىش-ھەرىكىتى'' مەنىسىدە بولۇپ، ئىمان ھەرگىزمۇ ئەمەلدىن ئايرىلغان ھالدا قەلبىدە بىلىپ قويۇش ياكى ئاغزىدا ئىقرار قىلىش ئەمەس. شۇڭا تابىئىنلاردىن ھەسەن بەسرى: ''ئىمان دېگەن قۇرۇق ئۈمىد ۋە ياكى كىشىلەرگە كۆرسىتىش بىلەن بولمايدۇ، بەلكى ئۇ بەندىنىڭ قەلبىگە ئورنىغان، ئىش-ئەمىلى بىلەن ئادا قىلىنغان ئېتىقادتۇر'' دېگەن. ئەمەل بولسا ئىماننىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ، ئەمەلسىز ئىمان كامىل ئىمان ھېسابلانمايدۇ. «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە ئىمان بىلەن ئەمەل باشتىن-ئاخىر چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، ئىماننىڭ ياخشى ئەمەلدىن ئايرىلغان ھالدا تەكىتلەنگەنلىكى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. «قۇرئان كەرىم»گە نەزەر سالساق، ''**ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان...**'' دېگەن ئىبارىلەرنىڭ دائىم بىر-بىرىگە ياندىشىپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. ناھايىتى ئېنىقكى، ئىسلام دىنى بەندىدىن چىن ئىمان بىلەن بىرگە شۇ ئىماننى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئىماندا مۇستەھكەم مۆمىنلەرنىڭ سۈپىتىنى تىلغا ئالغاندا ئۇلارنىڭ ئەمەلىنى قوشۇپ بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ''**سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ، بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش-ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە، سائىللارغا، قۇللارنىڭ ئازادلىقىغا ئېرىشىشىگە پۇل-مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (ئاللاھنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار(يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىماندا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر**'' {سۈرە«بەقەرە»(2-سۈرە)، 177-ئايەت}.

ئەمەلنىڭ قوبۇل بولۇشىدا تۆۋەندىكى تۆت شەرت ھازىرلانغان بولۇشى كېرەك:

1. ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە، قۇدرىتىگە، زاتى-سۈپەتلىرىگە ئىمان ئېيتىش. بۇ بەندىنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل بولۇشىدىكى ئەڭ ئاساسىي ۋە ئەڭ مۇھىم شەرت بولۇپ، بۇنىڭسىز قىلغان ياخشى ئەمەللەر ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇنىڭغا قىلچىلىك ئەجىر-ساۋاب بېرىلمەيدۇ. بۇ نۇقتىنى تەكىتلەپ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ''**شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مەنزىلگاھى فىردەۋس جەننەتلىرى بولىدۇ**'' {سۈرە«كەھف» (18-سۈرە)، 107-ئايەت}

2. بارلىق ئەمەللىرىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىشتەك رىيا ياكى نام-شۆھرەت ئۈچۈن ئەمەس، ئاللاھنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن ئىخلاس بىلەن قىلىش. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ''**دىنىڭنى شېرىكتىن (ۋە رىيادىن) ساپ**

**قىلغىنىڭ ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىن"** {سۈرە «زۇمەر» (39-سۈرە) 2-ئايەت}.

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلغان بارلىق نەرسىلەرگە ئىمان ئېيتىش بىلەن سۈننىتىگە ئەگىشىش. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ. **"كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ(چۈنكى پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ)"** {سۈرە «نىسا» (4-سۈرە)، 80-ئايەت}.

4. پەيغەمبەرلەر، ئەۋلىيالار، ئەرۋاھلارغا ئىلتىجا-دۇئا قىلىپ ياردەم تىلەشتەك ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىغان گۇناھلاردىن ساقلىنىش. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى مۇنداق زور گۇناھتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ. **"ئاللاھ ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى (يەنى مۇشرىكلىق گۇناھىنى) مەغپىرەت قىلمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقىنى(ئاللاھ ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئازغان بولىدۇ"** {سۈرە «نىسا» (4-سۈرە)، 116-ئايەت}.

ئەپسۇس، زامانىمىزدا ئەۋج ئېلىۋاتقان پەقەت كەلىمە شاھادەتنى ئېيتىپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ، مەغپىرىتىنىڭ كەڭلىكى، ئۆزلىرىنىڭ ئاللىقانداق ئۆزرىلىرىنىڭ يوللۇقلىقىغا قۇرۇق ئۈمىد باغلاپ، ياخشىلىقتا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش، ناماز، روزا، زاكاتتەك شەرىئەت تەكلىپلىرىنى ئادا قىلمىغان كىشى ھەقىقەتەن قاتتىق زىيان تارتقۇچىدۇر. ھەممە كىشى ئۆزىنىڭ ھالى بىلەن بولۇپ قالىدىغان، ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، خوتۇنىدىن ۋە بالىلىرىدىن قاچىدىغان قىيامەت كۈنىدە، ئاللاھ ئادىل مىزانىدا ئۆلچەيدىغان نەرسە بەندىنىڭ ئەمەللىرى ئەمەسمۇ؟ ئىنسانىنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى قارارگاھى بولغان جەننەت نېمىتى ياكى جەھەننەم ئازابىنى تېتىشقا سەۋەب بولىدىغىنى ئۇنىڭ مۇشۇ پانىي دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى ئەمەسمۇ؟ ئەگەر شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئادا قىلمىغان ئۆزرىلەر يوللۇق، ئەجەل تېخى يىراقتا ھېسابلانسا، ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىگە نېمە دەيمىز؟

**"جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم. ئۇلاردىن مەن رىزىق تىلمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنى تىلمەيمەن. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر (ئاللاھنىڭ)قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر"** {سۈرە «زارىيات» (51-سۈرە)، 56-، 57-، 58-ئايەتلەر}.

(ئاپتور. ئۈرۈمچى شەھرىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى. شەمشىدىن ھاجى)

### قومۇل ۋىلايىتى خەنزۇ مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئانا تىل دەرسى تەسىس قىلدى

ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خەنزۇ تىل- يېزىقنى ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقى ئۆرلەۋاتقان، خەنزۇ مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ئېشىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئۆز بالىلىرىنىڭ ئانا تىلىدىن ساۋاتسىز بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلغان ئاتا-ئانىلار ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىن بۇ بالىلارغا ئانا تىل-يېزىقنى ئۆگىنىش شەرت-شارائىتى ھازىرلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەنىدى. خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىككى تىللىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، قومۇل ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، خەنزۇ تىل-يېزىقىدىكى باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4- يىللىقىدىن باشلاپ ئانا تىل دەرسى تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى ۋە بۇ يىل 9-ئايدىن باشلاپ بۇ قارارنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشنى بېكىتتى. بۇ قارار ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. (ماتېرىيالدىن)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitab.com



# تەقدىرگە ئىشىنىش ۋە كىشىلىك مەسئۇلىيەت توغرىسىدا

ئابدۇلئەھەد قۇربان ھاجى

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

تەقدىرگە ئىشىنىش ئىمان ئاساسلىرىدىن بىرى، دىنىمىزنىڭ ھەر قانداق پرىنسىپلىرى تەقدىر مەسىلىسىنى چۈشىنىش-چۈشەنمەسلىككە زىچ مۇناسىۋەتلىك. تەقدىر مەسىلىسىگە ۋە بۇ ھەقتىكى بىلىمگە سەل قارالسا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىدە ۋە باشقىلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان قارىشىدا ئاز بولمىغان خاتالىق سادىر بولىدۇ؛ ئىچكى قىسىمدا مۇسۇلمانلارنىڭ روھىيىتىدە چۈشكۈنلۈك شەكىللىنىپ، ئالغا ئىنتىلىش روھى يېتەرسىز بولىدۇ، تاشقى جەھەتتە باشقىلاردا تەقدىرگە ئىشىنىشنى مۇسۇلمانلارنىڭ پائالىيەتچانلىقىنى زەئىپلەشتۈرىدىغان تۈپ سەۋەبلەرنىڭ بىرى ھەم ئۇلارنىڭ پەن-مەدەنىيەت، ئىلىم-ھېكمەتتە ئالغا ئىلگىرلىيەلمەسلىكىدىكى توسالغۇ دەيدىغان بىر تەرەپلىمە قاراش پەيدا بولىدۇ. شۇڭا تەقدىرگە ئىشىنىش مەسىلىسىنى توغرا چۈشىنىش ناھايىتى مۇھىم.

تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش يەنى تەقدىرگە ئىشىنىش ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا ھەقىقىي ئىشىنىپ، ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلىغا، كىتابلىرىغا، ھەممە ئىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ھەقىقىي ئىشەنگەندىن كېيىن شەكىللىنىدۇ. رېئاللىقتا تەقدىر مەسىلىسىگە ئالدىراپ يەكۈن چىقىرىش تەقدىر چۈشەنچىسىنى تولىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇپ ياكى مۇجمەللەشتۈرۈپ قويىدۇ.

ئىسلامنىڭ تەقدىر ئەقىدىسى ئۈستىدە توغرا قاراشقا ئىگە بولمىغاندا تەقدىرگە ئىشىنىش سەلبىي رول ئويناپ، ئىنساننىڭ ئەقلىنى ۋە ئىقتىدارىنى بوغۇپ قويىدۇ. تەقدىر مەسىلىسىنى توغرا چۈشەنمىگەن بەزىلەر ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيالىق ئامىتى ۋە بەخت-سائادىتىنىڭ ھەممىسىنى غەيبتىن كېلىدىغان ئامەتكە باغلىۋېلىپ، ئالغا ئىنتىلمەيدۇ، تىرىشمايدۇ، باشقىلارنىمۇ ھەم شۇنداق تونۇشقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ؛ ئۇ ھەرگىز "تەقدىرگە ئىشىنىش ئىماننىڭ جۈملىسىدىن" دەپ ھەقىقىي ئەقىدە قىلىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ئەمەس، باشقىلارنىڭمۇ ئۇ ھەقتە ئالدىراپ يەكۈن چىقىرىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتا ياراتقان نەتىجىلىرى ئۇلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى مەسئۇلىيىتىنى نامايان قىلىدۇ ھەم باشقىلارنىڭ خاتا قاراشلىرىغا رەددىيە بېرىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ تەقدىر مەسىلىسىگە دائىر نەزەرىيىلىرىگە ۋە پرىنسىپال تەلىماتلىرىغا نەزەر سالساقمۇ، بۇ نۇقتا روشەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، بىز «قۇرئان كەرىم»دىكى مەخسۇس ئايەتلەرگە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە قارىساق ھەم ئۇنى تۇرمۇشىمىزغا تەتبىقلايدىغان بولساق، تەقدىرگە ئىشىنىشنىڭ رېئال تۇرمۇشتىمۇ ئالغا ئىنتىلىش ۋە بۇ ھاياتلىقتىكى كىشىلىك

مەسئۇلىيەتنى قوبۇل قىلىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز ھەمدە تەقدىر مەسىلىسىدە كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلىرىمىزنى ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايمىز. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: ”**مۇشرىكلار: ‘ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىز ۋە ئاتا-بوۋىلىرىمىز شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق ۋە ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمايتتۇق’ دەيدۇ. ئۇلاردىن بۇرۇنقى كىشىلەر تاكى(بىزنىڭ ئازابىمىز نازىل بولۇپ) ئازابىمىزنى تېتىغانغا قەدەر(ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى) مۇشۇنداق (يەنى مۇشرىكلار سېنى ئىنكار قىلغاندەك) ئىنكار قىلغانىدى. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ‘سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقىغا پاكىتىڭلار بولسا، بىزگە چىقىرىپ كۆرسىتىڭلار، سىلەر پەقەت گۇمانغا ئاساسلىنىسىلەر، ئاللاھقا پەقەت يالغاننى چاپلايسىلەر’**“ {سۈرە «ئەنئام» (6-سۈرە)، 148-ئايەت}. بۇ ئايەتتە شۇ خاتا قاراش تۈپەيلىدىن ئازاب نازىل بولغانلىقى بايان قىلىنىش ئارقىلىق، بۇ ھاياتلىقتا تەقدىرگە باھانە قىلىپ تۇرۇپ ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن باش تارتىشقا بولمايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئىنسانلارنىڭ ئۆز خاتالىقلىرىنى ئاللاھ تائالاغا ياكى ئۆزلىرى خاتا چۈشىنىۋالغان تەقدىرگە دۆڭگەپ قويۇشى پەقەت ئاللاھ تائالاغا بىئەدەپلىك قىلغانلىقى ياكى ئاللاھ تائالا بىلەن دەتالاش قىلغانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئاللاھ تائالا بۇنداق قاراشنى ”**جۆيلىگەنلىك**“ دەپ ئېنىق ئەيىبلىگەنىدى. بىراق دىنىي تۇرمۇشىمىزدا: ”ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىنى ئالدىن پۈتۈپ قويۇپ، ئاندىن بۇ ھاياتلىقتا كىشىلەرنى شۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا مەجبۇرلايدۇ، كىشىلەرنىڭ بارلىق ئىشلىرى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق، بەندىنىڭ قىلچە ئىرادىسى بولمايدۇ، ئاللاھ بىر كۈنى ماڭمۇ ئاسانلىق بېرەر...“ دېگەنگە ئوخشاش قاراشلارنىڭ كەڭ تارقىلىشى بىزنىڭ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىمىزگە، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىشلىرىمىزغا يامان تەسىر كۆرسىتىپ كەلمەكتە. مانا مۇشۇنداق رېئال زىيانلارنى كۆزدە تۇتۇپ، «قۇرئان كەرىم» ئۇنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەرگە نۇرغۇن ئايەتلەر ئارقىلىق قاتتىق رەددىيە بەرگەن: ”**مۇشرىكلار: ‘مۇبادا ئاللاھ خالىغان بولسا، بىز ۋە بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئاللاھنى قويۇپ ھېچ نەرسىگە ئىبادەت قىلمىغان بولاتتۇق، ئاللاھ ھارام قىلمىغان (يەنى ئاللاھنىڭ ھۆكمىسىز) ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمىغان بولاتتۇق’ دېدى. ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرمۇ شۇنداق قىلغانىدى، پەيغەمبەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت روشەن تەبلىغ قىلىشتىن ئىبارەت**“ {سۈرە «نەھل» (16-سۈرە)، 35-ئايەت}. ”**سىلەرگە (يەنى جېنىڭلار ياكى مېلىڭلارغا) ھەر قانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ**“ {سۈرە «شۇرا» (42-سۈرە)، 30-ئايەت}. بۇ ئايەتلەردە تەقدىرنى باھانە قىلىپ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇش كۈچلۈك ئەيىبلىنىش بىلەن بىرگە، ھەر بىر ئىنسان ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان كۈچ-قۇدرەت ۋە ئەقىل-ئىقتىدارىنى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ بەخت-سائادەت ياكى زالالەتكە بولغان پەرق ئېتىش ئېڭىنى ئېتىراپ قىلمىسا، ئاللاھ تائالا ئالدىدا ھەر قانچە دەۋا-دەستۇر قىلسىمۇ ئاقمايدىغانلىقى، ئۇنىڭ پەقەت ھاياتلىق مەسئۇلىيىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئىكەنلىكى، ياخشى-يامان قىلمىشىغا ئۆزى ئىگە ئىكەنلىكى، ئەگەر گۇناھ قىلسا تەقدىرنى باھانە قىلىش بىلەن قىيامەتلىك جازادىن قۇتۇلالمايدىغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

بەزىلەر ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتە ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكىنى ۋە كېيىن ئاللاھنىڭ ئۇنى كەچۈرۈم قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ،

www.uyghurkitap.com

"ئىنسانلار ئۆز خاتالىقلىرىغا تەقدىرنى باھانە قىلىپ ئۆزرە بايان قىلسا دۇرۇس" دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى، ئىنسانىيەتنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتلىقى شەرىئەت نۇقتىسىدىن ياكى ئەقلىي تەپەككۇر نۇقتىسىدىن بولسۇن، ھەرگىزمۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتە ئۆتكۈزگەن گۇناھىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۆز نۆۋىتىدە مەزكۇر خاتالىقى سەۋەبىدىن تېگىشلىك ئەيىبكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا ئۇ مەسئۇل ئەمەس. ئاللاھ تائالا: "**ھەر ئادەم ئۆزى قىلغان گۇناھقا ئۆزى جاۋابكار، بىر گۇناھكار ئادەم باشقا ئادەمنىڭ گۇناھىغا جاۋابكار ئەمەس(يەنى بىر ئادەمنىڭ گۇناھى بىلەن باشقا بىر ئادەم جازاغا تارتىلمايدۇ)، كېيىن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتىپ بارىسىلەر، سىلەر دەتالاش قىلىشقان ھەق بىلەن ناھەقنى ئۇ سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ**" {سۈرە «ئەنئام» (6-سۈرە)، 164-ئايەت} دېگەن سۆزىدە بۇ نۇقتىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما بۇ سۆيۈملۈك دۇنيانىڭ دەرت-ئەلەملىرى ۋە ئارزۇ-ئىستەكلىرى بىلەن بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمىزنىڭ باشلىنىشى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتىكى سەۋەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ سەۋەب قانۇنىيىتى بىلەن تەقدىر ئەزەلىيسى ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئىلاھىي ئورۇنلاشتۇرۇشىدۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: "**ئادەم پەرۋەردىگارىدىن بىر قانچە سۆز تەلىم ئالدى(يەنى گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئا ئۇنىڭغا ئىلھام ئارقىلىق بىلدۈرۈلدى)، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى، ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر**" دېيىلگەن{سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 37-ئايەت}. بۇ ئايەتتە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتىكى خاتالىقنى دەتالاش قىلماستىن تونۇپ يېتىپ، ئۆز ۋاقتىدا سەممىيلىك بىلەن ئېتىراپ قىلغانلىقى ھەم ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەپ، ئاللاھ تائالانىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتىكى سەۋەنلىكى بۇ رېئاللىقنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا ۋە ئىنسانلارنىڭ رېئال تۇرمۇشىغا تولۇق سەۋەب بولىدۇ دېگەنلىك شەرىئەتكە ياكى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى يەر يۈزىدە يارىتىش ئىرادىسى مۇتلەقتۇر، «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: "**ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: 'مەن يەر يۈزىدە خەلىپە(يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن' دېدى. پەرىشتىلەر: 'يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) خەلىپە قىلامسەن؟ ھالبۇكى بىز بولساق سېنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمىز، مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز' دېدى. ئاللاھ: 'مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن' دېدى**" {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 30-ئايەت}. بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى بۇ مەسىلىنى توغرا يېشىپ بېرىدۇ.

ئەگەر ئۆزىمىز قىلغان گۇناھنى پەقەت تەقدىرگىلا دۆڭگەپ، مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىمىزگە ئالماسلىقنى توغرا دەپ قارايدىغان بولساق، ئۇنداقتا ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن لەنىتى شەيتاننىڭ، مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋىننىڭ مەسئۇلىيەت جەھەتتە قىلچە پەرقى قالمىغان بولىدۇ. مۇشۇ قاراش بويىچە بولغاندا، تەقدىرى ئەزەلىيگە پۈتۈن مەۋجۇدىيەتلەرنىڭ بىردەك مەجبۇرلىنىشى كېرەك بولىدۇ. ئىمان ۋە ئىدراكتىن ئايرىلغان بۇنداق قارىغۇلارچە قىياس ۋە خاتا قاراشلار ئىسلام دىنىدىكى ئەھلى سۈننىي ۋە جامائە ئەقىدىسىگە تۈپتىن خىلاپ.

«قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف» روھىدىن مەلۇمكى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىز ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. شۇڭا يۇقىرىقىدەك ئېھتىماللىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان قاراش شەرىئەت ۋە ئەقىل نۇقتىسىدىن ئەزەلدىنلا بىر خاتا قاراشتۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا مۇسۇلمانلار ئىجتىمائىيلىقىنىڭ چۈشكۈنلىشىشى كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇشۇنداق ئازغۇن سۆز-ئىبارىلەر ۋە شۇ مەزمۇندىكى بۇزۇق ئەقىدىلەر، ناشايان ئىشلار تۈزەتكۈچىسىز تاشلىنىپ قېلىۋاتقان، قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشلار يېتەكچىسىز ھالەتتە بولۇۋاتقان دەرىجىدە يامراپ كەتكەنلىكتىن، دەپ خاتىرىلەنگەن. مېنىڭچە مۇنداق چۈشكۈنلۈكنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ نېگىزلىك ئاساسى ئەڭ ئاۋۋال تەقدىرگە ئىشىنىش بىلەن رېئال مەسئۇلىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇپ، ئىسلامىيەتنىڭ بۇ ھەقتىكى تەلىپى بويىچە چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ئارقىلىق بۇ رېئاللىقتىكى كىشىلىك مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي قوبۇل قىلىشىمىزغا باغلىق. شۇ ئاساستا رېئاللىققا يۈزلىنىپ، ھەر بىر كىشى ئۆز ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئېنىق، توغرا تونۇشى، ياخشى دەپ قارالغان بارلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىشى ۋە قىلىشقا تىرىششى، يامان دەپ قارالغان بارلىق ئىشلاردىن يېنىشى ۋە يىراق تۇرۇشى لازىم. مانا بۇ ئەڭ توغرا ئەقىدە يۈنىلىشىدۇر.

بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك، ئىنسانىي ئەركىنلىك مەسىلىسىدە قارىماققا توغرا چۈشىنىش قىيىندەك تۇيۇلىدىغان ئۇسلۇب بىلەن نازىل قىلىنغان ئايەتلەرگە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگەن سۆزلىرىگە ئۇ ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ ئۆز نۆۋىتىدىكى كونكرېت سەۋەبلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىپ تۇرۇپ ئاندىن دىققەت ئېتىۋارىمىزنى بەرسەك، دەسلەپتە چۈشىنىش قىيىن تۇيۇلغان بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ھەقىقىي توغرا چۈشەنچە ھاسىل قىلالايمىز. مەسىلەن: «قۇرئان كەرىم»دىكى: "**ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن، ئاگاھلاندۇرمامسەن، ئۇلارغا بەرىبىر ئوخشاش، ئىمان ئېيتمايدۇ**" {سۈرە «ياسىن» (36-سۈرە)، 10-ئايەت} دېگەن ئايەتكە قارايدىغان بولساق، بىزگە قارىماققا ئۇلارغا نەسىھەت قىلغان-قىلمىغاننىڭ قىلچە پەرقى يوق، نېمە پۈتۈلگەن بولسا شۇ بولىدۇ، ئۇلاردا كۇفرىلىق پۈتۈلۈپ كەتكەچ ئىمان ئېيتمايدۇ دېگەنگە ئوخشاش چۈشەنچە ھاسىل بولۇشى مۇمكىن. بىراق ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس، بەلكى بۇ ئايەت شۇنى تەلەپ قىلىدۇكى: ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، سەن ئۆزۈڭدىن بېرى نەسىھەت قىلىنىسىمۇ، بۇ ئازغۇنلۇقتىن قۇتقۇزۇش يولىدا كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈلگەن بولسىمۇ يەنىلا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن توغرا يولدىن يۈز ئۆرۈپ گۇناھ-مەئسىيەتكە بېرىلىپ كەتكەن بۇنداق قەۋملەرگە ئەمدى نەسىھەت قىلمىغىن! ئۇلار كۇفرىلىقتا ئىنتايىن چېكىگە يەتكەچكە نەسىھەت كار قىلمايدۇ دېگەندىن ئىبارەت. چۈنكى بۇ ئايەتنىڭ ئالدى-كەينى ۋە ئەمەلىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مۇشۇ مەزمۇننى كۈچلۈك تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ: "**شەك-شۈبھىسىزكى، جىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى دوزاخقا (يېقىلغۇ بولۇش ئۈچۈن) ياراتتۇق، ئۇلار دىللىرى بولغىنى بىلەن، ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار كۆزلىرى بولغىنى بىلەن، ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) كۆرمەيدۇ، ئۇلار قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەن، ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ) تىڭشىمايدۇ. ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**گۇمراھتۇر. ئەنە شۇلار غاپىلدۇر"** {سۈرە «ئەئراف» (7-سۈرە)، 179-ئايەت} دېگەن سۆزى يەنىلا قۇرئاننىڭ نېمە سەۋەبتىن پاساھەت-بالاغەتتە تەڭدىشى يوقلۇقىنى ئازراق بولسىمۇ تەپەككۇر قىلىدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن شۇ ئوقۇمنى ئىپادىلەپ بېرىدۇكى، ھەقىقەتتىن باش تارتقان نادان كىشىلەر ئۆزىنىڭ نادانلىقى ۋە ھەقىقەتتىن باش تارتقانلىقى سەۋەبىدىن دوزاخ ئەھلىدىن بولۇپ قالىدۇ. بىراق دوزاخقا تاشلاش-تاشلىماسلىق ئاللاھ تائالانىڭ مۇتلەق ھوقۇقى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرمەي دوزاخقا تاشلاشنى قارار قىلدى. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىي ئەزەلىيسىدىكى قارارى بولۇپ، شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا " **شەك-شۈبھىسىزكى، جىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى دوزاخقا(يېقىلغۇ بولۇش ئۈچۈن) ياراتتۇق"** دېيىش ئارقىلىق، قۇرئاننىڭ قاراتمىلىقى ۋە پاساھەت-بالاغەت ئۇسلۇبى جەھەتتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈردى ھەم ئۆز ئىرادىسىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ، دوزاخ يولىنى تاللىغانلارنى قاتتىق ئاگاھلاندۇردى. ھالبۇكى بۇ ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنى ھەرگىزمۇ بەندىلەرنىڭ قىسمەن سەۋەب ئەركىنلىكىنى ئىنكار قىلمايدۇ. چۈنكى ھەر قانداق بىر ئىنسان ئۆز ئىختىيارلىقىدىكى پائالىيەتنى كەسىپ نۇقتىسىدىن ئىنسانغا نىسبەت بېرىشكە، يارىتىش نۇقتىسىدىن ئاللاھ تائالاغا نىسبەت بېرىشكە تامامەن يوللۇق. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق ئىبارىلەرنى كۆپ ئۇچرىتىمىز: "**سىلەر تېرىغان زىرائەتنى دەپ بېقىڭلارچۇ؟ ئۇنى سىلەر ئۈندۈردۈڭلارمۇ ياكى بىز ئۈندۈرۈپ (دان چىقىدىغان زىرائەت قىلىپ ئۆستۈردۇقمۇ؟) ئەگەر بىز خالىساق ئەلۋەتتە ئۇنى دانسىز قۇرۇق چۆپكە ئايلاندۇراتتۇق-دە، سىلەر ئەجەبلىنىپ قايغۇراتتىڭلار"** {سۈرە «ۋاقىئە» (56-سۈرە)، 63—65-ئايەتلەر}.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئېتىزدا ئەمگەك قىلىدىغانلار، ئۇرۇق سالىدىغانلارمۇ يەنىلا بەندىلەردۇر. ئەمما ئۇنى ئۈندۈرۈش، ئۇنىڭغا مول-ھوسۇل بېرىش يەنىلا مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بولۇپ، تېرىقچىلىقنى مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن شۇ ئادەمگە نىسبەت بېرىش، ئۇنى ئۈندۈرۈپ ھوسۇل ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا نىسبەت بېرىش دۇرۇستۇر. دېمەك، خۇددى كىشىلەرگە ئېتىزلىقتا قىلغان ئەمگىكى نىسبەت بېرىلگەندەك، ئىنسانىيەتكىمۇ ئۆمرىدە قىلغان پائالىيەتلىرى نىسبەت بېرىلىدۇ. تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا ئاللاھ تائالاغا شۇ پائالىيەتلەرنى ياراتقان ۋە رۇخسەت قىلغانلىقى سەۋەبىدىن، ئەدەپسىز تۈسنى بەرمەيدىغان بارلىق پائالىيەتلەرنى نىسبەت بېرىشكە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ "**دوزاخقا ياراتتۇق**" دېگەن سۆزى جىن ۋە ئىنسانلاردىن بەزىلەرگە ھېچقانداق ئىختىيارى پائالىيەت مەنسۇپ ئەمەس دېگەن ئوقۇمنى بەرمەيدۇ.

خۇلاسە كالام، مەۋجۇدىيەت دۇنياسىدىكى بارلىق ئىشلار تەقدىرگە تەئەللۇق بولىدۇ. تەقدىرگە تەئەللۇق ئىشلار بەندىلەرگە نىسبەتەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىرى، بەندىلەر ئىختىيارىدا بولمايدىغان ئىشلار، مەسىلەن، مەۋجۇدىيەتنىڭ قانداق شەكىلدە، قانداق ئورۇندا، قانداق چاغدا بارلىققا كېلىشى ۋە يوقىلىشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئىشلار پەقەت مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە خاستۇر. يەنە بىرى ئاللاھ تائالا مەۋجۇدىيەتنى ياراتقان چاغدىلا شۇ شەيئىلەرنىڭ ئىختىيارىغا تەئەللۇق قىلىپ ياراتقان ئىشلاردىن ئىبارەت بولۇپ، شۇ ئاساستا ئىنسان ئۆز خاھىشى جەھەتتىن ئۆزلىرى ئىرادە قىلغان مەقسەت نىشانلىرىغا يۈزلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ

مۇرادىنى خالىسا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بېرىدۇ، خالىسا چەكلەيدۇ. كىم تاتلىق تېرىسا ئاللاھ تائالا ئۆزى خالىغان بويىچە ئۇنىڭغا تاتلىق بېرىدۇ، كىمكى ئاچچىق تېرىسا ئاللاھ تائالا ئۆزى خالىغان بويىچە ئۇنىڭغا ئاچچىق بېرىدۇ؛ كىم گۈل تېرىسا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا چىرايلىق گۈل ئاتا قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرنىڭ ھەر قانداق ئەجرىنى زايا قىلمايدىغانلىقى قايتا-قايتا تىلغا ئېلىنغان. مانا بۇ ئۆزگەرمەس ئىلاھىي قانۇنىيەت. شۇڭا قايسى بىر ئىنسان ۋە جىن ياخشىلىقنىڭ سەۋەبلىرىدىن خەير-ئېھسان قىلىش، تەقۋالىق قىلىش ۋە ھەر قانداق ساۋابلىق ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ غايىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ جەننەتكە مۇيەسسەر قىلىدۇ. قايسى بىر ئىنسان ياكى جىن يامانلىقنىڭ سەۋەبلىرىدىن بېخىللىق، بۇزۇقچىلىق ۋە كۇفرىلىققا باغلىنىشلىق بولىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ مۇرادىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ئۇنى دوزاخ ئەھلى قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دىكى: "**سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار شەك-شۈبھىسىز خىلمۇ خىلدۇر. (پۇل-مېلىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان، (كەلىمە تەۋھىدنى) تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭغا بىز ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز. بېخىللىق قىلىپ (ئاللاھنىڭ ساۋابىدىن) ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان، كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلغان ئادەمگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭغا يامان يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز. ئۇ (دوزاخقا) تاشلانغان چاغدا ئۇنىڭ مېلى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. توغرا يولنى كۆرسىتىشكە شەك- شۈبھىسىز بىز مەسئۇلمىز**"

{سۈرە «لەيل» (92-سۈرە)، 4—12-ئايەت}

دېگەن ئايەتلەر يۇقىرىقى تەھلىلىمىزنىڭ روشەن ھۆججىتى سۈپىتىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە ئىنسان ئىختىيارلىقى ئوتتۇرىسىدىكى تەقدىر مۇناسىۋەتنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شەرىئەت تەرەپتىن ئىبارىلەر قايسى ئۇسلۇب، قانداق رەۋىشتە بايان قىلىنسۇن، ئۇنىڭ ئىپادىلىگەن مەنە- مەزمۇنلىرى ئەقىل ۋە ئىمان ئىگىلىرى ئۈچۈن ھەرگىز مۇجمەل تۇيۇلمايدۇ ياكى قىلچە خاتا چۈشەنچە بەرمەيدۇ. ئاللاھ تائالا پۈتۈن مەۋجۇدىيەتنىڭ ياراتقۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇتلەق ئىرادە ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپتۇر. بىر ئىنسانىيەتكە جۇزئى ئىختىيارلىقنى بەرگەنلىكى ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە قىلغان چوڭ مەرھەمىتىدۇر. شۇ جەھەتتىن بىزنىڭ بۇ رېئاللىقتىكى ئەركىنلىكىمىزنى ئىنكار قىلىپ ھەممە مەسئۇلىيەتنى پەقەت تەقدىرگىلا باھانە قىلىشىمىز شەرىئەتكىمۇ ۋە ئىنسانلارنىڭ ساغلام ئەقلىگىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ ئۇستازى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

**دېھقان پەخىرىدىن ھاجىم تەنتەربىيە سارىيى ئۈچۈن 1 مىليون يۈەن ئاتىدى**

غۇلجا شەھرىنىڭ تاشكۆۋرۈك يېزىسىدا تۇرۇشلۇق تەنتەربىيىگە ھېرىسمەن پەخىرىدىن ھاجىم تىجارەت بىلەن بېيىغاندىن كېيىن، خەلقنىڭ ساغلاملىق ھەرىكىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، 2008- يىللىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قارشى ئېلىش مەقسىتىدە، بىر مىليون يۈەن سەرپ قىلىپ، ئىلى دەرياسىغا يېقىن كېلىدىغان" ئىلى دەرياسى يولى" دا "يېڭى ئەسىر" مەدەنىيەت-تەنتەربىيە سارىيى قۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئۇزاقتىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت-تەنتەربىيە سارىيى قۇرۇش ئۈمىدىنى ئىشقا ئاشۇردى (ماتېرىيالدىن)

# پاكلىق ۋە پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىش توغرىسىدا

ئەمەتجان ئابلىمىت

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

ھۆرمەتلىك ئەزىز مۇسۇلمان قېرىنداشلار! دەۋر ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان، كىشىلەرنىڭ ماددىي تەرەققىياتى يۈكسىلىپ ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى بىلىم قۇرۇلمىسى يېڭىلىنىپ، نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، ساپاسى ھەر جەھەتتە ياخشىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانلارنىڭ پاكلىق ۋە پاكىزلىققا بولغان قارىشى، گۈزەللىك ۋە مەدەنىيەت ئېڭى تەرەققىي قىلماقتا.

تەرەققىي تاپقان ئەللەردە كىشىلەر ئۆز ئائىلىسىنىڭ پاكلىقى ۋە پاكىزلىقىنى ياخشىلاش بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي بەلكى پۈتۈن دۆلىتىنىڭ، ئۆز رايونىنىڭ پاكلىقى ۋە پاكىزلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈپ ھەر قانداق جايدا بولسۇن، شۇ ئورۇنىنىڭ پاكلىقى ۋە پاكىزلىقىنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ بىلىپ، بۇنىڭدىن ھالقىپ، پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ بەختىنى ئويلاپ، يەر شارى خاراكتېرلىك پاكلىق ۋە پاكىزلىقنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈگىتىپ، ساپلىقنى ساقلاش يولىدا كۈرەش قىلماقتا.

پاكلىق ۋە پاكىزلىق ئىسلام دىنىنىڭ پەزىلىتى، شۇڭا ھەر بىر مۇسۇلمان پاكلىقنى قەدىرلەپ، پاكىزلىقنى سۆيۈپ، ئۇنى ئەمەلىي ھەرىكىتىدە ئادا قىلىشى لازىم. ھەر بىر مۇسۇلمان مۇسۇلمان بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم»دە كۆرسەتكەن ئەمرى ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى، تەلىمى بىلەن ئىش قىلىشى لازىم.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: ”**ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر-ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ**“ {سۈرە «ئەھزاب» (33-سۈرە)، 36-ئايەت}. ”**روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ**“ {سۈرە «شەمس» (91-سۈرە)، 9-ئايەت}. ئەبى مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر**“ (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

پاكلىق ئاساسەن روھىي پاكلىقنى، پاك-دىيانەتنى، قەلب ساپلىقنى، جۈملىدىن ئىسلام دىنىمىز قوللاپ-قۇۋۋەتلەيدىغان بارلىق ياخشى پەزىلەت ۋە خىسلەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: ”**بىر-بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن ھاكىملارغا پارا بەرمەڭلار**“ {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 188-ئايەت}.

قېرىنداشلار، بۇ ئايەت كەرىمدە ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ مۆمىن بەندىلىرىنى كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋېلىشتىن توستى، قايسى يول

ۋە قايسى ئۇسلۇب بىلەن بولسۇن ناھەق يەۋېلىشقا بولمايدۇ. مەيلى ئوغرىلاش، بۇلاش ئارقىلىق بولسۇن ياكى جازانە يېيىش، پارىخورلۇق قىلىش ئارقىلىق بولسۇن، باشقىلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋېلىش قەتئىي ھارام. بەزى ئىمانى ئاجىز كىشىلەر باشقىلارنىڭ ھاجەتلىرىنى ئۆزىنىڭ بايلىق توپلاش پۇرسىتى دەپ بىلىپ، ئەمەلدىن پايدىلىنىپ پارا ئېلىشقا تىرىشىدۇ. ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىسىنىمۇ پارىسىز قىلمايدۇ. بىركىم پارا بەرمىسە ئۇنىڭ ئىشىغا قارىمايدۇ. ھەر قانداق ئىشنى پارىسىز بېجىرمەيدۇ. ئۇلار خۇددى ئولجىنى ماراپ كۈتۈپ تۇرغان يىرتقۇچ ھايۋانلارغا ئوخشايدۇ، بەلكى ئۇلار ھايۋانلاردىنمۇ پەس ئادەملەر. ئۇلارنىڭ ۋىجدانى، ئەخلاق-پەزىلىتى، ھايا-نومۇسى يوق. ئۇلار ھارام يېگەنلىكتىن ئوتنى يېگەن بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ جايى دوزاختۇر.

قېرىنداشلار، پارىخورلار ئۆزى ئازغان ھەم باشقىلارنىمۇ ئازدۇرغان كىشىدۇر. چۈنكى خىزمەتچى كۆپ ھاللاردا ئۆز رەھبىرىنىڭ ئۈلگىسىدە ئىش قىلىدۇ. ئەگەر رەھبىرىنىڭ پارا ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسە ئۇنىڭدىن پارا ئېلىشنى ئۆگىنىدۇ. رەھبەر پارا ئالسا ئۇمۇ ئۆزىنىڭ پارا ئېلىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئويلايدۇ-دە، تارتىنماي پارا ئېلىشقا باشلايدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ رەھبىرى خۇددى زېمىندا پاساتچىلىق تۇغدۇرغان ئىبلىسقا ئوخشايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا پارا ئالغانلىقىنىڭ ۋە پارا ئېلىشنى ئۆگەتكەنلىكىنىڭ گۇناھلىرى يېزىلىدۇ. پارىخورلۇق ئىنسانغا ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ خەتەرلىك زىيان يەتكۈزىدىغان قىلمىش بولغانلىقتىن ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە، ئەمەللىرىنىڭ بىكار قىلىنىشىغا ۋە ياخشىلىقلىرىنىڭ ئاللاھ تائالا ئالدىدا قوبۇل بولماسلىقىغا سەۋەب بولىدۇ. ئۇ ئاللاھ تائالا ئاتا قىلىدىغان رەھمەتنى توسۇپ قويىدۇ. ئاللاھ تائالا پارىخورنىڭ ئىبادىتىنى، دۇئاسىنى ۋە ئەمىلىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇنىڭ پۇل-مېلىغا بەرىكەت بەرمەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ شۇ پۇل-مالىنى ھارامدىن تاپقانلىقى ئۈچۈندۇر. ئەگەر رەھبەر بولغان كىشى قانائەتچان، پاك بولسا تۆۋەندىكىلەر ئۇنىڭدىن ئەلۋەتتە قانائەتچانلىقنى، پاكلىقنى ئۆگىنىدۇ، ئاللاھ تائالامۇ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **"ئەلۋەتتە بىر كىشى بىر لوقما ھارام تاماقنى قارنىغا تاشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ 40 كۈنگىچە ئۇنىڭ ئەمىلىنى قوبۇل قىلمايدۇ".** ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: **"ئى مۆمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ ھەددى-ھېسابسىز نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار"** {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 172-ئايەت}.

قېرىنداشلار، يېمەك-ئىچمەكتە ھارام بىلەن ھالالنى پەرق ئېتىپ، ھالال نېمەتلەرنى ئىسراپ قىلماي ئىستېمال قىلىشىمىز لازىم. يېقىنقى يىللاردىن بېرى مىللىتىمىز ئىچىدىكى توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ، مېھماندارچىلىق ئىشلىرىدا ئىقتىسادقا بېقىپ ئىش قىلماي كىشىلەرنى دوراپ، مەنمەنچىلىك بىلەن ئىسراپچىلىق قىلىدىغان ئىشلار يۈز بەرمەكتە. مۇسۇلمانلار، شەرىئەت ئەھكاملىرىغا مۇكەممەل ئەمەل قىلىپ، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە كۆرسەتكەن ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەلىم بەرگەن دائىرىدە ئىش قىلىش لازىم. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: **"يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ"** {سۈرە «ئەئراف» (7-سۈرە)، 31-ئايەتنىڭ بىر قىسمى} ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىش كۆرگەن ئادەم كەمبەغەللىشىپ قالمايدۇ"** (ئەھمەد رىۋايەت قىلغان). دېمەك ئىقتىسادچىللىق، ئىسراپ قىلماسلىقمۇ پاكلىق جۈملىسىدىندۇر.

پاكىزلىق دىنىمىزنىڭ تەشەببۇسى، شۇنداقلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پاكىزلىق ئەنئەنىمىز بويىچە بەدىنىمىزنى، كىيىم-كېچەكلىرىمىزنى پاكىز تۇتۇشىمىزنى، شۇنىڭدەك تۇرمۇش ئۆرپ-ئادىتىمىزدىكى پاكىزلىق، گۈزەللىكنى كۆرسىتىدۇ.

مىللىتىمىز(ئۇيغۇرلار) ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ئالاھىدىلىكى بىلەن پاكلىقنى ۋە پاكىزلىقنى سۆيۈپ، پاكلىق ۋە پاكىزلىقنى ھاياتلىقتىكى ئەڭ مۇھىم ئىش ھەم گۈزەللىك دەپ قاراپ، ئۆزىگە نۇرغۇنلىغان ياخشى ئادەت ۋە نۇرغۇنلىغان ئېسىل ياخشى خىسلەتلەرنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن ھەم ئۇنى داۋاملىق بېيىتىپ ئەمەلىي ھەرىكىتىدە كۆرسىتىپ تۇرمۇشىمىزنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا پاكتۇر، ئۇ پاكلىقنى ياقتۇرىدۇ، ئاللاھ تائالا پاكىزدۇر، پاكىزلىقنى سۆيىدۇ، ئاللاھ تائالا سېخىيدۇر، سېخىيلىقنى ياقتۇرىدۇ. ھويلا-ئاراڭلارنى پاكىز تۇتۇڭلار**“ (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). قېرىنداشلار، شەخسىي پاكلىق ۋە پاكىزلىقتا، يېمەك-ئىچمەك پاكلىقى ۋە پاكىزلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈپ پاك ۋە پاكىز بولۇشىمىز لازىم. ھەر كۈنى ئۆينى سۈپۈرۈپ ئەخلەت يۇندىلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇش، قازان-قومۇش، قاچا-قۇچىلارنى، قىسقىسى ئۆي-جابدۇقلىرىنى پاكىز، رەتلىك تۇتۇش؛ توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلارغا، مېھماندارچىلىقلارغا بارغاندا يۇيۇنۇپ، تەققى-تۇرقىغا ماس كەلگىدەك پاكىز، رەتلىك كىيىنىپ بېرىش، ئۆي ئىگىسى تاماقتىن ئىلگىرى ۋە تاماقتىن كېيىن مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىش، ھاجەتخانىغا كىرىپ چىققاندا، سىرتتىن ئۆيگە كىرگەندە ئالدى بىلەن قول يۇيۇش، چاچ، ساقال-بۇرۇتلىرىنى پات-پات ياسىتىش، خالىغان يەرگە تەرەت قىلماسلىق، تۈكۈرمەسلىك، ئەسنىگەندە، چۈشكۈرگەندە ئېغىزنى قولنىڭ كەينىدە توسۇپ تۇرۇش، تىرناقلىرىنى دائىم ئېلىپ تۇرۇش، ئەۋرەتنىڭ تۈكلىرىنى ئېلىپ تۇرۇش، بۇرۇننىڭ تۈكلىرىنى قىرقىپ تۇرۇش، قولتۇقنىڭ تۈكلىرىنى ئېلىپ تۇرۇش، يوتقان، كۆرپە، تەكىلەرنى ئاپتاپقا سېلىپ تۇرۇش، سەھەردە قوپۇپ، ھويلا-ئارامىلارنى سۈپۈرۈپ سۇ چېچىپ تازىلاش، تۈگۈلۈك، ئىشىك-دېرىزىلەرنى ئېچىپ ھاۋا ئالماشتۇرۇش، گۈل-گىياھلار ئۆستۈرۈپ، مېۋىلىك، مېۋىسىز دەل-دەرەخلەرنى تىكىپ، تەبىئەتنى يېشىللاشتۇرۇپ مۇھىتنى ياخشىلاپ، ھاۋانى ساپلاشتۇرۇش قاتارلىق تازىلىقتا دائىر گۈزەل ئىش-ھەرىكەتلەرنى تۇرمۇشىمىزغا ئىزچىل سىڭدۇرۇپ، ھەرىكىتىمىزدە ئادا قىلىشىمىز لازىم.

ئەر-خوتۇنلار جىنسىي ئالاقە قىلىشقاندا چوقۇم يۇيۇنۇشى لازىم. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: ”**ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار پاكلىنىڭلار(يەنى غۇسلى قىلىڭلار)**“ {سۈرە «مائىدە» (5-سۈرە)، 6-ئايەتنىڭ بىر قىسمى}. غۇسلى قىلغۇچى غۇسلى قىلىشتا ئالدى بىلەن ئىككى قولىنى يۇيۇش بىلەن باشلايدۇ. ئاندىن ئىستىنجا قىلىدۇ، يەنى ئالدى ۋە ئارقا پىشاپلارنى پاكىز يۇيىدۇ. ئاندىن نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بېشىغا ۋە بەدىنىگە ئۈچ قېتىم سۇ تۆكىدۇ. قۇلاقنىڭ ئىچى، قولتۇق، كىندىك ۋە باشقا بىۋاستە سۇ بارالمايدىغان جايلارنى قول بىلەن ھۆللەپ يۇيىدۇ. مۇسۇلمانلار ئادەتتىكى ئەھۋالدىمۇ كەم دېگەندە ھەپتىدە بىر قېتىم يۇيۇنۇشى لازىم. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ” **بالاغەتكە يەتكەن ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ يەتتە كۈندە بىر قېتىم يۇيۇنۇپ تۇرۇشى ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىدۇر**“ (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ھازىر نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ شەخسىي تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ، لېكىن بەزىلەردە جامائەت سورۇنلىرىنىڭ تازىلىقىغا ۋە ئەتراپتىكى مۇھىت پاكىزلىقىغا سەل قاراش ئادىتى ساقلانماقتا. بۇ ماھىيەتتە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ پاكىزلىق ئېڭىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنى، توغرا

بولغان پاكىزلىق قارىشىنى يېتىلدۈرمىگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەتراپىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، مەھەللە دوقمۇشىدا، شەھەر كوچىلىرىدا ۋە بۇلۇڭ-پۇشقاقلاردا يۈندا، ئەخلەت دۆۋىلىنىپ تۇرسا، نۇرغۇن كىشىلەر كېرەكسىز نەرسىلەر چوقۇم شۇ يەردە تۇرىدىغۇ دەپ پەرۋاسىز قاراپ قويىدۇ، يەنە بەزىلەر ئەخلەت يۈندىلىرىنى ئۆيدىن تالاغا تاشلاپ قويسىلا بولىدۇ دەپ قاراپ، ئەخلەتنى ئەخلەت ساندۇقىغا، يۈندىنى يۈندا ئازگىلىغا تۆكمەي، كىشىلەر ماڭىدىغان يوللارغا، پاكىز يەرلەرگە خالىغانچە تۆكۈپ بېشىنى يۆپۈرۈپلا ئۆيگە كىرىۋالىدۇ.

ئەمدى بىز ياشلىرىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ياشلار پاكىزلىققا رىئايە قىلىپ، توغرا بولغان پاكىزلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم ياشلار كوللېكتىپنىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلماي يول بويىدىكى تۆمۈر ۋادەك، رىشاتكىلارنى بۇزۇپ، سۇندۇرۇپ، گۈللۈك-چىملىقلارنى دەسسەپ، ئەخلەت تۆكۈش تۇڭلىرىنى ئۆرۈۋېتىشتەك ناچار قىلىقلارنى قىلىۋاتىدۇ؛ چوڭ يوللارغا قەغەز پارچىلىرىنى، مېۋە شۆپۈكلىرىنى خالىغانچە تاشلاپ، ئىزا تارتماي يۈرۈۋاتىدۇ. پاكلىق ۋە پاكىزلىقنى سۆيۈش ئەڭ گۈزەل ئەخلاقتۇر. ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق دەۋرىدە يېتىلدۈرگەن پاكلىق ۋە پاكىزلىق ئادەمنىڭ پۈتۈن ھاياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئادەمنىڭ تېنىنى ساغلام، ھەرىكىتىنى چاققان، رەڭگى-روھىنى خۇشخۇي قىلىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”**كىشىلەرنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدىغان ئىككى قىلىقتىن ساقلىنىڭلار**‘ دېگەن، ساھابىلار: ’ئۇلار قايسىلار، ئى رەسۇلۇللاھ؟‘ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ’**كىشىلەرنىڭ ماڭىدىغان يولىغا ياكى ئۇلارنىڭ سايىدايدىغان جايىغا تەرەت قىلىپ قويۇش**‘ “ دېگەن (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن پاخماق باش بىر ئادەمنى كۆرۈپ: ”**بۇ كىشى چېچىنى تۈزەيدىغان بىرەر نەرسە تاپالمىغانمىدۇ؟**“ دېدى. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: ”**كىيىمىڭنى پاك تۇت**“ {سۈرە «مۇددەسسىر»، (74-سۈرە)، 4-ئايەت}. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىيىملىرى كىرلىشىپ كەتكەن بىر ئادەمنى كۆرۈپ: ”**بۇ كىشى كىيىملىرىنى يۇيىدىغان بىرەر نەرسە تاپالمىغانمىدۇ؟**“ دېدى. ئەبۇلئەھۋەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا ناچار كىيىملەر بىلەن كىرگەنىدىم، رەسۇلۇللاھ: ”**سېنىڭ پۇل-مېلىڭ بارمۇ؟**“ دەپ سورىدى، مەن: ”بار“ دېگەنىدىم، ”**قايسى خىلدىكى ماللىرىڭ بار؟**“ دېدى. مەن: ”تۆگە، قوي، ئات ۋە قۇللاردىن ئىبارەت ماللىرىم بار“ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”**ئاللاھ ساڭا پۇل-مال بەرسە، ئاللاھنىڭ ساڭا بەرگەن ئۇ نېمىتى ۋە ھۆرمىتىنىڭ ئەسىرى كۆرۈلسۇن**“ دېدى. (ئەبۇ داۋۇد بىلەن نەسائى رىۋايەت قىلغان).

كىيىم-كېچەك، كىتاب ۋە باشقا ھەر تۈرلۈك نەرسىلەرنى پاكىز تۇتۇش كېرەك. بۇ نەرسىلەرى كىر-پاسكىنا بولغان كىشىلەردىن ئادەملەر بىزار بولىدۇ، قاچىدۇ. ئادەملەر پاك ۋە پاكىز يۈرگەنلەرنى سۆيىدۇ. مەسچىتلەردە ئىماملىق ۋە خاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ئۆلىمالار پاكىز، رەتلىك كىيىنىپ، چاچ-ساقاللىرىنى پاكىز ياسىتىپ، ۋەز-نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ پاكلىق روھىنى ئۇرغۇتۇپ، پاكىزلىق ئېڭىنى ئۆستۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىشى لازىم.

پاكلىق بىلەن پاكىزلىق بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتلىك، ئۇلار ئۆزئارا مۇكەممەل باغلىنىشقا ئىگە. شۇڭا ئۇلارنى ئايرىپ قاراشقىمۇ بولمايدۇ. ياشلار ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە پاكلىقنى قەدىرلەپ، پاكىزلىقنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى

گۈزەللىكنى سۆيۈشى لازىم. پاكلىق ۋە پاكىزلىق سالامەتلىكنىڭ مۇھىم كاپالىتى. مەينەت كىشىلەرنىڭ تېشىمۇ، ئىچىمۇ كىر كۆرۈنىدۇ. بىز پاكلىقنى قەدىرلەپ، پاكىزلىقنى سۆيۈپ مەدەنىيەتلىك، ۋىجدانلىق، بىلىملىك مىللەت بولالىساق، ئاندىن دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالايمىز. قېرىنداشلار! بىز ياشاۋاتقان، ئۆسمۈرلەر ئېلېكترونلۇق ماشىنىلارغا قىزىقىۋاتقان 21- ئەسىر ئاتا-ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلاردىن يېڭى ئاڭ، يېڭى تەلىم-تەربىيە ئۇقۇمى تەلەپ قىلماقتا. شۇڭا ئاتا-ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلار پەرزەنتلىرىگە پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەككى، ئۇلارنى تەربىيىلىگەندە كىچىكىدىن باشلاپ ئىمان-ۋىجدانلىق، پاكلىقنى قەدىرلەيدىغان ۋە پاكىزلىقنى سۆيىدىغان، قەلبى پاك، پاكىز يۈرىدىغان، تەبىئىي ساپلىقتا، گۈزەل مۇھىتقا ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئەخلاق-پەزىلەتلىك، يۈرەكلىك، بىلىملىك، مەدەنىيەتلىك، ئېتىقادلىق، نەزەر دائىرىسى كەڭ، غايىلىك ئەۋلاد قىلىپ يېتىشتۈرۈشىمىز، ئۇلارنى قەلبى كىر، روھى بۇلغانغان ئادەملەردە كۆرۈلىدىغان جىمى رەزىل، ناچار ئىللەت، خۇلق-قىياپەتلەردىن قۇتقۇزۇشىمىز لازىم. ئىنساندا ئىنسانىي پەزىلەت ۋە خىسلەت بولمىسا ئۇنىڭ ئادىمىيلىك قەدىر-قىممىتىنى يوقىتىدۇ، ئىنسانىي بۇرچىنى ئۇنتۇپ كېرەكسىز مەخلۇققا ئايلىنىدۇ.

پاكلىق ۋە پاكىزلىق ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بارلىق گۈزەللىكى، بەدىنىمىزنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن يېمەك-ئىچمەككە مۇھتاج بولغىنىمىزغا ئوخشاش ئىنسانىنىڭ ئەقلىمۇ پاكلىققا ۋە پاكىزلىققا مۇھتاج بولىدۇ. ناپاك، دىيانەتسىز، ئەخلاقسىز، ھاياسىز، پەزىلەتسىز ئىنسان قورال-ياراقسىز، ياۋايى ئەسكەرگە ئوخشايدۇ. شۇڭا ئاتا-ئانىلار، ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلار ھەر خىل كىتاب، ژۇرنال، گېزىتلەرنى ئوقۇپ بىلىم قۇرۇلمىسىنى يېڭىلاپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، يۇقىرىقى ئېسىل پەزىلەت ۋە خىسلەتلەرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى چوڭ رولىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئالىيجاناب كىشىلەرنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرىدىن ئۈلگە بولغۇدەك ۋەقەلەرنى سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ خىسلىتىنى پەرزەنتلىرىنىڭ ئىدىيىسىگە سىڭدۈرۈپ ۋە چىن قەلبىدىن قوبۇل قىلدۇرۇپ، پەرزەنتلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى بېيىتىپ، ئۇلارنى ئىمان-ئېتىقادلىق، بېجىرىم، يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشىمىز لازىم.

قېرىنداشلار، روھىمىزنى پاك، بەدىنىمىزنى، كىيىم-كېچەكلىرىمىزنى پاكىز تۇتايلى! مېھرىبان ئاللاھ ھەممىمىزنى پاك ۋە پاكىز بولۇشقا نېسىپ قىلغاي- ئامىن!

(ئاپتور: قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدىن، جامە مەسچىت ئىمامى ۋە خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رامزان مۇناسىۋىتى بىلەن ئىپتارلىق بەردى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 11-ئاينىڭ 21-كۈنى خەلقئارالىق مېھمانخانىدا رامزان مۇناسىۋىتى بىلەن ئىپتارلىق بەردى. 30 غا يېقىن ئىسلام-ئەرەب ئەللىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە خادىملىرى، مەملىكەتلىك ۋە بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرى ئىپتارغا داخىل بولدى. رامزان ئېيى باشلىنىش بىلەن بىر مۇنچە ئىسلام-ئەرەب ئەللىرىنىڭ ئەلچىخانىلىرىمۇ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرىنى ئىپتارغا چاقىرغانىدى.

# مۇسۇلمانلار، دوستلۇقنى قەدىرلەيلى

ئابدۇللا ھوشۇر

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

بۈيۈك ئاللاھ بارلىق مەخلۇقاتلارنى يارىتىش جەريانىدا تىلسىز-تىللىق، جىسمى بار- جىسمى يوق بارلىق مەخلۇقاتلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان، بىر-بىرىگە مېھىر-شەپقەت ۋە كۆيۈنۈش يەتكۈزۈشىدىغان قىلدى. جۈملىدىن ئادەم ئەۋلادلىرىنىمۇ بىر-بىرىگە كۆيۈنىدىغان دوست-مېھرىبان قىلىپ ياراتتى. دوستلۇق دېگەن بۇ ئۇقۇم ئىنسانلار دۇنياسىدا باي دۆلەت بىلەن كەمبەغەل دۆلەت، ئىرق بىلەن ئىرق، مىللەت بىلەن مىللەت، باي-كەمبەغەل، ئەر-ئايال، چوڭ-كىچىكلەر ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ، كىشىلەر ساپاسى كۈندىن كۈنگە يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان بۈگۈنكى تۇرمۇش شارائىتىمىزدا بۇ دوستلۇقنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، كەم بولسا بولمايدىغان ئىجتىمائىي ھالەت شەكىللىنىۋاتىدۇ. ھەقىقىي دوستلۇقنى قەدىرلەش ھەر بىر ئىنساننىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىدۇر؛ دوستلۇقنى قەدىرلىگەندە دوستلارنىڭ ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە، ئىشەنچىسىگە، شان-شەرەپ ۋە ئۇمىدۋارلىق تۇيغۇسىغا، ياخشى مەسلىھەت ھەم ياردەملىرىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. دوستى يوق ئادەم سايىسىز، مېۋىسىز دەرەخكە ئوخشاش بولۇپ، كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزمەيدۇ ھەم كىشىلەردىن مەنپەئەت ئالالمايدۇ. بىز ئېتىقاد قىلىۋاتقان ئىسلام دىنىمىز دوستلۇقنى قەدىرلەشنى ۋە ھۆرمەتلەشنى تەۋسىيە قىلىدىغان ئۇلۇغ دىندۇر. ئاللاھ تائالا دوستلۇقنى قەدىرلەشنى «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق بايان قىلغان: **''مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھتىن قورقۇڭلار''** {سۈرە «ھۇجۇرات» (49-سۈرە)، 10-ئايەت}. **''ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار (يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار). ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆز ئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆز ئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر دوزاخ چۇقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى(ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ''** {سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 103-ئايەت}. **''كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە مۆمىنلەرنى دوست تۇتىدىكەن، (ئۇ ئاللاھنىڭ جامائەسىدىندۇر). ئاللاھنىڭ جامائەسى (ئەلۋەتتە) غالىبتۇر''** {سۈرە «مائىدە» (5-سۈرە)، 56-ئايەت}.

ھۆرمەتلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلار! يۇقىرىقى ئايەتلەردىن ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئىسلام دىنىدا ئايرىلماس قېرىنداش ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا دوستلۇقنى قەدىرلىگەندىلا ئاللاھ بەلگىلىگەن قېرىنداشلىق شەرىپىگە ئېرىشىپ، ئاللاھنىڭ جامائەسى بولىدىغانلىقىمىزنى چۈشىنىۋالالايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "7 خىل ئادەم بار، قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ بەلگىلىگەن سايىسىدىن باشقا سايە يوق چاغدا ئاللاھ ئۇلارغا سايە بېرىدۇ: ئادىل باشلىق، ئاللاھنىڭ ئىبادىتىگە بېرىلگەن ياش ئادەم، ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن قەلبىدە مەسچىتنىلا ئويلايدىغان ئادەم، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن دوست بولغان ئادەم ۋە ئاللاھ غەزەپلىنىدىغان ئىشلارنى قىلغان كىشىدىن نېرى تۇرغان ئادەم، ئابرۇيلۇق، چىرايلىق ئايال زىناغا چاقىرسا ئاللاھتىن قورقىمەن دېگەن ئادەم، ئوڭ قولىدا قىلغان سەدىقىسىنى سول قولى ئۇقمايدىغان ئادەم، ئايرىم ئورۇندا ئاللاھنى ئەسلەپ ياش تۆكىدىغان ئادەم" (بۇخارى رىۋايىتى). ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: " 'ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە پەيغەمبەرمۇ ئەمەس، شېھىتمۇ ئەمەس كىشىلەر بار. پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلەر ئۇ كىشىلەرنىڭ جەننەتتە ئېرىشكەن ئورنىنى ئۈمىد قىلىشىدۇ' دېدى، ساھابىلەر: 'ئۇ كىشىلەرنى بىزگە دەپ بەرسىلە' دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: 'ئۇلار ئۆز ئارىلىرىدا ئۇرۇق-تۇغقانچىلىقى يوق ۋە بىر-بىرىگە مال-دۇنيا بېرىشمىسىمۇ ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن دوست بولغانلار. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى ئەلۋەتتە نۇرلۇقتۇر، ئەلۋەتتە نۇرنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ، كىشىلەر قورققاندا قورقمايدۇ' " (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى). ئەبى ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: " بىر ئادەم ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن دوست بولسا ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن (يامان ئىش قىلغۇچىغا) غەزەپلەنسە ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن (كىشىلەرگە سەدىقە ياكى سوۋغاتنى) بەرسە ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن (يامان ئىش قىلغۇچىلارغا بىرەر نەرسە) بەرمىسە ھەقىقەتەن ئىمانى كامىل بولىدۇ" (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى).

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! بىز ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەلگىلەپ بەرگەن دوستلۇق ئۆلچىمى بويىچە بىر-بىرىمىزنى ھۆرمەتلىشىمىز ۋە ئۆز ئارا دوستلۇقنى كۈچەيتىشىمىز، دوستلۇققا سەل قارىغۇچىلارغا دوستلۇقنىڭ قەدىر-قىممىتىگە يېتىشنى تەۋسىيە قىلىشىمىز لازىم. 11-ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ ئالىم، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا دوستلۇقنى مەدھىيلەپ مۇنداق يازغان:

ياخشى دوست تۇتۇپ، ئارىلىشىپ، قېتىلىپ يۈرۈش كېرەك،
دوستلىرى ياخشى بولسا، ياخشى ئىش قىلغىلى بولىدۇ.
(3405)

يالغۇز يۈرگۈچى كىشى بىر ناداندۇركى،
(ئۇنىڭ) باشقىلارغا پايدىسى تەگمەيدۇ. (3407)
كىشىگە پايدىسى تەگمەيدىغان ئادەم ئۆلۈكتۇر،
(سەن) پايدىلىق بول، ئۆلۈك بولما، ئەي مەرت يىگىت.
(3408)

كىشىنىڭ دوست-يولداشلىرى كۆپ بولسا،
نامى ئەلگە يېيىلىدۇ، ئىشى يۈرۈشىدۇ. (3409)
بۇ دۇنيادا ئۇ تىلىكىگە ئېرىشىدۇ،
ئەگەر ئاخىرەت تىلىكىنى ئىزدىسىمۇ، ئاشۇ مەدەت بولىدۇ.
(3410)

ئەلىم، قايغۇغا (بولۇققاندا) ئۆزىنى پىدا قىلىدۇ،
شادلىققا شادلىنىپ، كۆزىنى ئاچىدۇ. (3411)
پەزىلەتلىرىنى يېيىپ، بارچە خەلققە سۆزلەيدۇ،
نۇقسانلىرىنى كۆرسە يوشۇرىدۇ، ھەرگىز ئېغىز ئاچمايدۇ.
(3412)

ھۆرمەتلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلار! بىز بىر-بىرىمىزنى ئېغىزىمىزدا دوستۇم دەپ تۇرۇپ، لېكىن دىلىمىزدا بىر-بىرىمىزگە ھەسەت قىلىدىغان، كۆرەلمەيدىغان، ئورا كولايدىغان بۇنداق نومۇسسىز ئىشلارنى قىلمايلى. بىز ھەقىقىي مۇسۇلمان بولىدىكەنمىز، ئارىمىزدىكى دوستلۇقنى قەدىرلەشنى بىلەيلى ھەم قەتئىي قەدىرلەيلى! ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

مۇنداق دېگەن: ”بىر مۇسۇلمان مۇسۇلمان قېرىنداشنى يوقلاپ بارسا، ئاللاھ تائالا‹ ياخشى قىلدىڭ، بۇ ماڭغىنىڭ ئەجەپ ياخشى. ئۆزۈڭ ئۈچۈن جەننەتتىن بىر ئورۇننى تەييارلاپ قويدۇڭ‹ دەيدۇ“ (تىرمىزى رىۋايىتى). ئەبى رەزىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”سېنى مۇشۇ دىنىڭنى ئاسان بىر ئىشقا باشلاپ قويايمۇ؟ شۇ ئىش بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەقسەتلىرىڭگە يېتىسەن: ئاللاھنى زىكرى قىلغۇچىلار بىلەن بىللە بول. خالىي قالغان چېغىڭدا قۇدرىتىڭنىڭ بارىچە ئاللاھنىڭ زىكرى بىلەن بول ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن دوست تۇت ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن غەزەبلەن. ھەي ئابازەر، بىلەمسەن، ھەقىقەتەن بىر ئادەم ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشنى يوقلاش ئۈچۈن ئۆيىدىن چىقسا ئۇ كىشىگە يەتمىش مىڭ پەرىشتە ئەگىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ كىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ ۋە‹ ئى ئاللاھ! بۇ ئادەم سېنىڭ رازىلىقىڭنى ئىزدەپ قېرىنداشنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ماڭدى، سەنمۇ بۇ كىشىگە رەھىم قىلىپ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن‹ دەيدۇ. ئەگەر قۇدرىتىڭ يەتسە بەدىنىڭنى دوستلىرىڭنى يوقلاشقا ئادەتلەندۈرگىن“ (تىرمىزى رىۋايىتى).

مۇسۇلمان قېرىنداشلارا دوستلۇقنى، ئىناق-ئىتتىپاقلىقنى قەدىرلىسەك، دىنىمىزنىڭ گۈزەل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىرگە جەمئىيەت ئەخلاقىغىمۇ بىر كىشىلىك ھەسسە قوشالايمىز ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلەيمىز- ئامىن!

(ئاپتور. مارالبېشى ناھىيىسىدىن:

تەھرىرلىگۈچى شەمشىدىن ھاجى)

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ مۇراجىئىتى:

## مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەردە چوقۇم ”مۇسۇلمانچە“ دېگەن خەت بولۇشى كېرەك

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 5-يىغىنىنىڭ 9-ئاينىڭ 23-كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىدە، كۆپچىلىك بازاردىكى مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەردە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە قىزغىن پىكىر بايان قىلدى. دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى(تۈزىتىلگەن لايىھە)»سىنى مۇزاكىرە قىلغاندا، بۇ چارىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش پىكىرلىرىنى بەردى. مۇئاۋىن مۇدىر دەلىلقان مامىقان مۇنداق دېدى: بۇ چارىنىڭ 12-ماددىسىدا مۇنداق ئۈچ مەسىلىنى ئېنىق يېزىش كېرەك: 1. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي رايونلىرى ئىچىدە ئىشلەپ چىقىرىلغان تاۋارلارغا چوقۇم ئىككى خىل يېزىقتىكى چۈشەندۈرۈش ئېنىق يېزىلىشى كېرەك. 2. مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرگە چوقۇم ”مۇسۇلمانچە“ دېگەن خەتنى ئېنىق يېزىش كېرەك. 3. مۇسۇلمانچە بولمىغان يېمەكلىكلەرگە”مۇسۇلمانچە“ دېگەن خەتنى يېزىشنى مەنئىي قىلىش كېرەك. كومىتېت ئەزاسى مۇرات ئەزىزيار مۇنداق دېدى: مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىشلەپ چىقىرىدىغان كارخانىلار مەھسۇلاتلارغا ”مۇسۇلمانچە“دېگەن خەتنى يېزىشتا، چوقۇم مىللەت، دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىشلەپ چىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى ئېلىشى كېرەك. مىللەت، دىن ئىشلىرى كومىتېتىمۇ شۇ ئورۇنلارنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش شەرتىنى ھازىرلىغان-ھازىرلىمىغانلىقىنى ئېنىقلىشى كېرەك. (مېھرىئاي ياقۇپ)

# مەنىۋى بايلىق ۋە بەخت-سائادەت

ئابدۇرېقىپ ئابدۇغېنى مۇخلىس

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

بەختكە ئېرىشىش ھەممە ئادەمنىڭ ئارزۇسى، مەيلى ساددا پىكىرلىك ئادەتتىكى كىشىلەر بولسۇن ياكى يېتىشكەن مۇتەپەككۇر، ئالىم بولسۇن ھامان بەختكە ئېرىشىشنى ئىستەيدۇ. شاھلار ئۆزلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك ئوردىلىرىدا بەخت ئۈچۈن ئاھ ئۇرسا، گادايلار غېرىبانە كۆلبىلىرىدە بەخت ئىزدەپ چوت سوقىدۇ ۋە ئەڭ شېرىن چۈشلەرنى كۆرىدۇ. كېسسەپ ئېيتىش كېرەككى، مەنىۋىيىتى ساغلام، ئەقلى ھوشى جايىدا بولغان ھەر قانداق ئادەم ئۆزىگە جاپا-مۇشەققەت ئىزدىمەيدۇ، ئۆز بەختسىزلىكىگە رازى بولمايدۇ.

بىراق ئۇ ئاھ ئۇرۇپ، بۇ چوت سوقۇپ ئىزدەۋاتقان، ئىنتىلىۋاتقان بەخت زادى قەيەردە؟ ھەقىقىي بەخت زادى نېمىدە؟ بەختنىڭ ئۆلچىمى بارمۇ؟...

تارىختا تالايلىغان كىشىلەر بەخت ئىزدەپ ياشىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن توختاۋسىز كۈرەش قىلىپ كەلدى. بىراق ھەقىقىي بەختنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن نۇرغۇن كىشىلەر بەخت ئەسلا مەۋجۇت بولمىغان جايلاردىن بەخت ئىزدەپ خۇددى باياۋاندىن گۆھەر ئىزدىگەن كىشىدەك ھالسىرىغان، سالپايغان ھالدا قۇرۇق قول قايتىشتى. دەرۋەقە كىشىلەر ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان، ماددىي مەئىشەت ۋە ھېسسىي شەھۋەتلەردىن ئۆز بەختىنى ئىزدىدى. لېكىن ئۇلار ماددىي مەئىشەتكە چۆككەنسېرى، نەپسى خاھىشلىرىغا بېرىلگەنسېرى يېڭى كىرىزىسلارغا پېتىپ قېلىشتىن باشقا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. خوش، ئۇنداقتا بەخت زادى نەدە؟ نېمىدە؟ بىز ئەتراپىمىزدىكى نەرسىلەردىن ئۇنى ئىزدەپ باقايلى.

## 1. بەخت ماددىي مەئىشەتمۇ؟

بىر مۇنچە كىشىلەر باي-باياشات بولۇشنى بەخت ھېسابلىشىدۇ. بىراق بىز تۇرمۇش سەۋىيىسى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، ماددىي تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى قولاي بولغان، يېمەك-ئىچمەكتىن غەم-ئەندىشىسى بولمىغان، تۇرالغۇلىرى، قاتناش ۋاسىتىلىرى ھەتتا يېزا ئىگىلىكىگە قەدەر يۇكسەك دەرىجىدە ماشىنىلاشقان، زامانىۋىلاشقان، ئومۇمەن باياشاتچىلىققا تولغان تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرىگە قارايدىغان بولساق، شۇ ئەل پۇقرالىرى ھەر ۋاقىت تۇرمۇشىنىڭ مەنىسىزلىكى، قەلب ئازادىلىكىدىن مەھرۇم ئىكەنلىكلىرىدىن قاقشايدۇ. بەختلىك بولۇش ئۈچۈن باشقىچە يوللارنى ئىزدەپ يۈرىدۇ. لېكىن يەنىلا ئۆزى بىزارلىق ھېس قىلىۋاتقان بۇرۇقتۇرما، بىر خىل قېلىپتىكى تۇرمۇشتىن قۇتۇلالمايدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى ئىنسان تەن ۋە روھتىن پۈتۈلگەن يارالما. ئۇ فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتىن ئاش-نانغا مۇھتاج بولغاندەك، روھىي جەھەتتىنمۇ مەنىۋى ئوزۇققا مۇھتاج بولىدۇ (خۇددى ئاشنىڭ ئورنىغا تاش، ئالمىنىڭ ئورنىغا چالما يېسە بولمىغاندەك مەنىۋى ئوزۇقنىڭ ئورنىنى باشقا ھېچ نەرسە باسالمايدۇ).

جىسمانىي ئېچىرقاش تەننى زەئىپلەشتۈرۈپ، ئىنساننى نورمال جىسمانىي مەشغۇلات ئىمكانىدىن مەھرۇم قىلسا، مەنىۋى ئېچىرقاش ئىنساننى ساغلام تەپەككۇر قىلىشتىن مەھرۇم قىلىدۇ، بۇ مەھرۇملۇق ھەر بىر ئىنسان ئۈچۈن بىر پاجىئەدۇر، پاجىئە

بولغانلىقىمۇ ھەر قانداق پاجىئەنى بېسىپ چۈشىدىغان، ئۆز ئىچىدىن تۈگىشىش پاجىئەسىدۇر. ئۇمىدكە تولغان مەنىۋى بەختىنى يوقىتىپ قويۇش ئىنسان ئۈچۈنلا ئەمەس، ھەر قانداق بىر مەۋجۇدات ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر قاباھەتتۇر.

بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇن كىشىلەر ماددىي ئېھتىياجىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇۋېلىپ، ماددىي يۈكسەكلىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئىنتىلمەكتە. بۇ كىشىلەر ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان ئاشۇ ماددىي پاراغەتلەردە بىر قىسىم نەرسىلەرگە ئېرىشكەندەك قىلغان بىلەن، يەنە بىر قىسىم قىممەتلىك نەرسىلەردىن مەھرۇم قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاستا-ئاستا ھېس قىلىشماقتا. يەنى ئۇلار ماددىي مەئىشەت، ھۇزۇر-ھالاۋەت، سەلتەنەت ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئۆتكۈنچى ئىپتىخارغا ئېرىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەنىۋى توقلۇق، قەلب ئازادىلىكى، روھىي قانائەت، ئەمىنلىك تۇيغۇسى قاتارلىقلاردىن كەملىك ھېس قىلماقتا.

دېمەك مال-دۇنيانىڭ كۆپ بولۇشى، قورساقنىڭ توق، كىيىمنىڭ پۈتۈن بولۇشىلا بەختتىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇ بەختنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدىكى ئاساسىي ئامىل تېخىمۇ ئەمەس. ئەكسىچە مال-دۇنيانىڭ كۆپ بولۇشى بىر مۇنچە كىشىلەردە تولا چاغلاردا غەم-قايغۇنىڭمۇ كۆپ بولۇشىغا سەۋەب بولۇپ، ئاخىرەتتىلا ئەمەس، دۇنيادىمۇ بۇ كىشىگە نىسبەتەن بىر ئاپەت بولۇشى مۇمكىن (ئاللاھ تائالا ئۆز بەندىلىرىدىن بەزىلىرىگە كۆپ بېرىپ، بەزىلىرىگە ئاز بېرىپ، يەنە بەزىلىرىگە بەرگىنىنى ئېلىۋېلىپ ئۇلارنى سىنايدۇ. ھالبۇكى ئاللاھنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمىگەن كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي!).

ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھقا خىتاب قىلىپ مۇناپىقلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: "**ئۇلارنىڭ مال-مۈلكى ۋە ئەۋلادى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن، ئاللاھ ئۇلارنى بۇ دۇنيادا شۇ نەرسىلەر بىلەن ئازابلاشنى ۋە ئۇلارنىڭ كۇففار پېتى جان ئۈزۈشىنى ئىرادە قىلىدۇ**" {سۈرە«تەۋبە»(9-سۈرە)، 55-ئايەت}. ئايەت كەرىمدە دېيىلگەن ئازاب جاپا-مۇشەققەت، غەم-ئەندىشە، ئاغرىق-سىلاق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. مانا بۇ نەق دۇنياۋى ئازاب.

ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىزكى، مال-دۇنيانى ئەڭ چوڭ غەم، ئارزۇ قىلىشۋالغان ھەر قانداق ئادەم ھامان مەنىۋى ئازاب، روھىي چۈشكۈنلۈك، ساراسىمە ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇنداق ئادەمنى ئاز مال-دۇنيا باي قىلالمايدۇ، كۆپ مال-دۇنيا تويغۇزالمايدۇ. ئۇنداق كىشى ئازغا قانائەت، كۆپكە شۈكۈر قىلمايدۇ؛ شۇڭا تولا ھاللاردا مال-دۇنياسى غەم-ئەندىشىسى بىلەن ئوڭ تاناسىپ تۇزىدۇ، يەنى مال-دۇنياسى ئاۋۇغانسېرى غەم-ئەندىشىسىمۇ كۆپىيىدۇ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە بۇ خىل روھىي ئازابنىڭ روشەن تەسۋىرى كۆرسىتىلىپ، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: "**كىمكى، ئۇنىڭ (بارلىق) غەم-ئەندىشىسى ئاخىرەت بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا روھىي غالىبلىق ئata قىلىدۇ. ئۇنىڭ زېھنىنى تازا قىلىدۇ. دۇنيامۇ ئۇنىڭ ئالدىغا خار ھالدا كېلىدۇ. كىمكى، ئۇنىڭ غەم-ئەندىشىسى دۇنيا بولسا، ئاللاھ نامراتلىقنى ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئارىسىدىكىلا (يېقىن) قىلىۋالىدۇ. ئۇنىڭ زېھنىنى چېچىۋېتىدۇ. ئۇ دۇنيادىن ئازلا نېسىۋىگە ئېرىشىدۇ**" (تىرمىزى رىۋايىتى). دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر ئازاب، ئىبنى قەييۇم ھەزرەتلىرى ئېيتقاندەك: "ئۇششاق غەملەرنىڭ ئاۋۇپ كېتىشى، قەلبنىڭ قۇپقۇرۇق بولۇشى، نامراتلىقنىڭ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرۇۋېلىشى (يەنى ھېلىلا نامراتلىشىپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلىش) تۇر. مال-دۇنياغا ھېرىسمەن كىشىلەر شۇ ھېرىسمەنلىكى تۈپەيلى مەست بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇلار چوقۇم بۇ خىل ئازابتىن قۇتۇلۇشنى ئويلىغان بولاتتى. ۋاھالەنكى ئۇلارنىڭ كۆپلىرى دۇنيادىن زارلاپ-قاقشاشنىڭ نېرىسىغا ئۆتەلمەيدۇ".

ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىشىلەر بىلەن بىللە ياشاش جەريانىدىكى ئۆز ئارا ھېيلىگەرلىك ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش قاتارلىق دىپلوماتىيە ئېسىملىرىدىن تۇغۇلغان روھىي ۋە جىسمانىي ئازابمۇ ئادەمنى روھىي جەھەتتىن ئېزىدۇ. شۇڭا سەلەف ئۆلىمالار: "دۇنياغا ھېرىسمەن ئادەم قەلبىنى دۇنيانىڭ خاپىلىقلىرىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ماكان قىلىشقا تەييارلاپ تۇرسۇن" دەپ بىكار ئېيتمىغان(يۈسۈپ قەرزاۋى). قىسقىسى، دۇنياغا بېرىلگۈچىلەردە تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئالاھىدىلىك بولىدۇ. قاچانلا قارىسا غەم-ئەندىشە ئىچىدە، دەككە-دۈككىدە ياشايدۇ؛ دۇنيا ئۈچۈن شاپاشلاپ چارچاپلا يۈرىدۇ؛ هامان تۈگىمەس ھەسرەتتە بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق كىشىلەر دۇنيادىن قانچىلىك كۆپ نەرسىگە ئېرىشسۇن، تېخىمۇ كۆپ بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ پۇچۇلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ. **"ئادەم بالىسىنىڭ ئىككى جىلغا ئالتۇنى بولسا، ئاشۇنداق ئۈچىنچى جىلغىنىڭ كويىدا بولىدۇ"**(ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان) دېگەندى. ئىسا ئەلەيھىسسالام دۇنياغا بېرىلگۈچىنى، ئىچكەنسېرى خۇمارى تۇتۇپ، تەشنا بولىدىغان هاراقكەشلەرگە ئوخشاتقانىدى.

## 2. بەخت بالا-چاقىدىمۇ؟

باللار هاياتلىقتىكى گۆھەرلەر. خۇددى كونىلاردا "باللىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار" دېيىلگىنىدەك، باللارسىز كۆڭۈللۈك تۇرمۇشنى ئويلاش قىيىن. بىراق بۇنىڭلىق بىلەنلا بەخت باللاردا دېيەلمەيمىز. چۈنكى ئاتا-ئانىسىغا ۋاپادارلىق بىلەن ياخشى، ھەقلىق يوسۇندا جاۋاب قايتۇرۇش ئورنىغا، ئۇلارنى تۇزكورلارچە قاڭغىر قاقشاتقان باللار ئاز ئەمەس. بالىسى ئەمدىلا تۆت ياشقا كىرگەن يىلى ئېرى تۈگەپ كېتىپ، "بالامنى ئۆگەي دادىنىڭ قولىغا تۇتقۇزمايمەن" دەپ قايتا تۇرمۇشقا چىقماي، مىڭبىر جاپادا بالىسىنى ئوقۇتۇپ، ئوغلى ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن يىلى، "بالىنى يالغۇز ئۇرۇمچىگە ئەۋەتسەم ئۇ يەردە يا تۇغقانلىرىمىز يوق، بالام ئۆي تامىقى سېغىنىپ قالىدۇ، كىرەي دېسە بىرەر تۇغقانىنىڭ ئۆيىمۇ يوق، بويىنى قىسىلىپ قالىدۇ" دەپ گەرچە تېخى پېنسىيە يېشىغا توشمىغان بولسىمۇ بىر ئاماللار بىلەن پېنسىيىگە چىقىۋېلىپ، بالىسىنى ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزى مەكتەپ ئەتراپىدىكى بىر ئېغىزلىق ئۆينى ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرۇپ، بالىسىغا ئۆز قولى بىلەن تاماق ئېتىپ بېرىپ باقماقچى بولغان؛ بىراق بىر يىل بولا-بولمايلا بالىسى ئۆزلۈكىدىن مەكتەپتىن چېكىنىپ، كېچە-كېچىلەپ ئۆيىگە كىرمەيدىغان، داپ داراڭلىغان، ئېشەك هاڭرىغان جايلاردا ياشلىقىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ يۈرگەندە، ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ ئاڭلىتالمىغان ئانا ئۆزىنىڭ 16 يىللىق هاياتىنى تۆل ئۆتكۈزۈش بەدىلىگە ئۇنى بېقىپ قاتارغا قوشقانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئوغلىدىن يامان يولدىن يېنىشىنى، مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشنى ئۆتۈنگەندە، تۇزكور ئوغلىنىڭ "ئۇنداق زارلايدىغان، مىننەت قىلىدىغان ئادەم نېمىشقا تۇغقان؟ تۇغقان ئىكەنسەن بېقىش مەجبۇرىيىتىڭ بار-دە!" دەپ چالۋاقىغانلىقىنى يۈرىكى ئېزىلىپ، يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەرگەندە كۆزۈمدىن ئىختىيارسىز ياش ئەگىگەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىمدە.

تارىختا نەزەر سالساقمۇ، نۇرغۇن شاهلار مىراس تالىشىش، پادىشاھلىق ۋە بايلىقنى بالدۇرراق ئۆز ئىلكىگە ئېلىش قەستىدە بولغان شاھزادىلىرىنىڭ قولىدا ئۆلگەن.

## 3. بەخت پەن-تېخنىكىدىمۇ؟

بىزگە يىراقنى يېقىن، مۇشكۈلنى ئاسان قىلىپ بېرىپ تۇرمۇشىمىزغا ھېسابسىز قولايلىقلارنى بەخش ئەتكەن پەن-تېخنىكا (تەجرىبە ئىلمى) بىزنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشكە قادىر بولالارمۇ؟

دۇرۇس، بىز ئىنسانلار پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ، هاياتلىقتىكى سانسىز تىلسىماتلارنى ئېچىشقا مۇۋەپپەق بولدۇق. ئاللاھ تائالا بىزنىڭ مەنپەئەتلىنىشىمىز ئۈچۈن ياراتقان تەبىئەتنى ئۆزىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۇق. بۇرۇن ھېچ كىشى ئويلاپ باقمىغان، ھەتتا خىيالىغا كەلتۈرۈشكىمۇ پېتىنالمىغان نەرسىلەرنى رويابقا چىقىرىشتا پەن-تېخنىكا ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ كۈچ-قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ، ئىنسانلار تۇرمۇشىدا پارتلاش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ياسىدى.

ئۆزىگە مەجھۇل نەرسىلەرنى بىلىشكە ئىنتىلىش ئىنساننىڭ ئەسلى تەبىئىتى. شۇ ۋەجىدىن ئىنسان ئاشۇ شەيئى ھەققىدە تولۇقراق چۈشەنچىگە ئېرىشكىچە داۋاملىق ئىزدىنىدۇ. بىراق بۇ بىلىش

ئىنسانلارنى يەنىلا بەختكە ئېلىپ بارالمايدۇ. ئەكسىچە، ماس مەنىۋى ئوزۇقتىن مەھرۇم ھالەتتىكى بىلىش(تەجرىبە ئىلمى) چوقۇمكى روھىي جەھەتتىن يىمىرىلىشكە، مەنىۋى قان يېتىشمەسلىككە ئېلىپ بارىدۇ.

بەخت ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى ئەجداتلىرى بولغان ئادەم ئاتا، ھاۋا ئانىدىن تارتىپ تا بۈگۈنگە قەدەر ھەممە كىشى تەلپۈنۈپ كېلىۋاتقان بىر ئابستىراكىت ئۇقۇم. بەزىلەر ئۇلارنى ئەمدىلا بەختلىك ھېسابلاشقانلىرىدا شەيتاننىڭ چاقىچىلىقى بىلەن ئۇنىڭدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالغان(ئادەم ئاتا، ھاۋا ئانىغا ئوخشاش).

تارىختا تالاي-تالاي ئالىملار پۈتۈن ئۆمرىنى پەن-تېخنىكىغا بېغىشلىغان. ۋاھالەنكى ئۇلار ئۆز تەتقىقاتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن ھامان قەلبىنى تەسۋىرلىگۈسىز بىر ھەسرەتنىڭ چۇلغىۋالغانلىقىنى ئەلەم بىلەن ھېس قىلىشقان، ئۇلارنىڭ ھاياتلىقتىكى غەم-ئەندىشىلىرى تېخىمۇ كۈچەيگەن. گەرچە ئۇلار ئۆز قېرىنداشلىرىغا (يەنى ئىنسانىيەتكە) قولاي تۇرمۇش، پاراۋان ھايات (يەنى بەزىلەرنىڭ قارىشىدىكى بەخت)نى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزلىرىنى زىنھار بەختلىك ھېسابلىيالمىغان. ئۇلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى سائەتلىرىدە ھەقىقىي بەختنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى خۇرسىنىش ئىچىدە قايىللىق بىلەن ھېس قىلىپ يەتكەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ھەقىقىي بەختكە ئېرىشكەن ھالدا جان ئۈزۈشتى( قەدىردان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە سىر ئەمەسكى، ئەڭ مەشھۇر تەبىئىي پەن ئالىملىرى ۋە پەيلاسوپلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئىمان ئېيتقان. «چەتئەل پەيلاسوپلىرى قىسقىچە لۇغىتى»گە قاراڭ). سىز ئۇلارنىڭ جاۋغايلىرىدىكى تەبەسسۇم ئىزنالىرىدىن ھەقىقىي بەختكە مۇيەسسەر بولغانلىقلىرىدىن مەمنۇن ئىكەنلىكلىرىنى، ئەمما مۇڭ بىلەن قاتقان كۆزلىرىدىن بەختكە تولىمۇ كېچىكىپ ئېرىشكەنلىكلىرىدىن ئەپسۇسلانغانلىقىنى بايقايسىز.

زور ئىختىرالارنىڭ ساھىبى بولمىش مەشھۇر كەشپىياتچى ئالىملارنىڭ تەپەككۇرى ھەقىقەتەن تىرەن، ئەتراپلىق بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ تۈرلۈك-تۈمەن مەۋجۇداتلىرى ئالدىدا يەنىلا ئاجىز، چەكلىك ئىدى. ئېينىشتېين ئۆزىدىن بىر نەچچە ئەسىر ئىلگىرى ياشاپ ئۆتكەن كاتتا ئالىم نيۇتوننىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى 25يىلىنى ئىلاھىيەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆتكەنلىكىگە قايىللىق بىلدۈرگەندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: ”توغرا، بۇ دۇنيادا نېمىلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالىدۇق، ئەمما نېمىلەرنىڭ يوقلۇقىنى ئىسپاتلاشتىن ئاجىز كەلدۇق“.

ئۆلمەس تۆھپىلىرى بىلەن خەلقىمىز قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان شائىرىمىز ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر «ھىدايەتنامە» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

> ئۆلۈمگە بىر داۋا ئىزلەپ جاھاندىن ئۆتتى كۆپ دانا،
> ۋە لېكىن تاپمىدى ھېچكىم بۇ ئىشتىن زەررىچە مەنا،
> ئارىستوتىل ياكى لوقماندەك ھېكىملەرمۇ بىمۇستەسنا،
> دېيىشتى ئاخىرى مۇتلەق ئۇلۇغ قۇدرەتكە ئامەننا،
> دېمەك مۇمكىن ئەمەس بۇزماق بۇ قانۇنني زورۇرەتنى.

ئەنگىلىيىنىڭ ھازىرقى زامان پەيلاسوپى بىراند روسسېل: ”ئىنسانلار تەبىئەت بىلەن بولغان كۈرەشتە پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ غەلىبە قىلدى. بىراق ئۆزى(يەنى روھى) بىلەن بولغان كۈرەشتە غەلىبە قىلالمىدى. بۇ كۈرەشتە پەن-تېخنىكا ئەسقاتمىدى“ دەپ دىنىنىڭ بۇ (روھىي) ساھەگە مۇتلەق رەۋىشتە، ئىزچىل ھۆكۈمران بولۇپ مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى تەن ئالغانىدى.

## 4. بەخت مەنىۋىيەتتە، ئۆزىمىزدە

يۇقىرىقى بايانلىرىمىزغا كۆرە، بەخت دېگىنىمىز مال-دۇنيانىڭ كۆپ بولۇشىدا، ھوقۇق-مەنسەپتە، بالا-چاقىنىڭ كۆپ بولۇشى ياكى پەن-تېخنىكىدا ئەمەس، بەلكى مەنىۋىيەتكە تەئەللۇق ئۇقۇم. شۇڭا ئۇنى كۆز بىلەن كۆرۈپ، تارازا بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. ئۇنى بايلىق كانلىرىدىن ياكى ئوردا خەزىنىلىرىدىن تاپقىلى بولمايدۇ، ئامېرىكا دوللىرى، ياۋرو، فوندستېرلىڭ، مارك، رىيال، دىناردەك ئاقچىلارغا سېتىۋالغىلى تېخىمۇ بولمايدۇ. راستچىل، شۇنداقلا راستچىل ئىكەنلىكى ئاللاھ تەرىپىدىن بايان قىلىنىپ، كىشىلەر تەرىپىدىن

ئېتراپ قىلىنغان رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەنىدى: ''**ھەقىقىي بايلىق ماددىي بايلىق ئەمەس، روھىي بايلىقتۇر''** (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

بەخت شۇنداق نەرسىكى، ئىنسان ئۇنى تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە ھېس قىلىپ تەڭداشسىز لەززەتكە نائىل بولالايدۇ. ئۇ قەلبنىڭ ئارامى، سۈزۈكلۈكى، كۆڭۈلنىڭ روشەنلىكى، ۋىجداننىڭ راھىتى... بولۇپ، ئۇنىڭغا ئېرىشكەن كىشىنىڭ يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن تىرنىقىنىڭ ئۇچلىرىغا قەدەر ئازادىلىك بولىدۇ. بەخت ئىنسان قەلبىدىن ئۇخچۇپ تۇرىدۇكى، ھەرگىز سىرتتىن ئىمپورت قىلىنمايدۇ. بەخت شۇنداق نەرسىكى، ھېچقانداق كىشى ئۇنى ئاتا قىلالمايدۇ، شۇنىڭدەك تارتىپمۇ ئالالمايدۇ. شۇڭا ئۆز قەلبىدىكى چەكسىز بەختتىن سۆيۈنۈپ، ھاياجانغا چۆمگەن بىر مۆمىن مۇنداق دېگەن: ''بىز مۇسۇلمانلار (مەنىۋى جەھەتتە) شۇ قەدەر بەخت ئىچىدە ياشاۋاتىمىزكى، ئەگەر شاھلار بۇنىڭدىن خەۋەر تاپسا ئەلۋەتتە ئۇنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن قوشۇن تارتقان بولاتتى''.

ھەقىقىي بەختتىن ئىبارەت بۇ كاتتا نېمەت ئاتا قىلىنغان كىشىلەر بېشىغا ھەر قانداق بالايى-قازا، دىشۋارچىلىقلار يەتسىمۇ پىسەنتىگە ئالمايدۇ. تۇرمۇش ئۇلارنى مۇشەققەتلىرى بىلەن كۆتۈۋالسىمۇ، ئۇلار ھاياتلىققا مەردانە ھالدا كۈلۈمسىرەپ باقالايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەرگە نىسبەتەن دەرت-ئەلەم قايغۇرۇشقا، ئاھ ئۇرۇشقا تېگىشلىك مۇسىبەت ھېسابلانسا، چىن بەختكە نائىل بولغان مۆمىنلەرگە نىسبەتەن چوقۇم شۈكۈر قىلىشى كېرەك بولغان نېمەتتۇر. چۈنكى ئۇلار ''**يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزەڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان، بۇ (ئىش)، شۈبھىسىزكى، ئاللاھقا ئاساندۇر''** {سۈرە «ھەدىد» (57-سۈرە)، 22-ئايەت} دېگەن ئايەت كەرىمنىڭ بەرھەقلىكىگە مۇتلەق ئىشەنگەچكە، قەلبى خاتىرجەملىككە تولىدۇ (يەنى ئاللاھنىڭ بۇ قازاسىدىن قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتى يوق ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئاھ ئۇرمايدۇ. چوڭ-كىچىك ھەر قانداق مۇسىبەتنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەجرگە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى بىلىپ، سەۋر قىلىدۇ-دە، ئەجرگە نائىل بولىدۇ). رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: ''**مۆمىننىڭ ئىشىغا ھەيرانمەن، ئۇنىڭ ھەممە ئىشى ئۇنىڭغا پايدا ئېلىپ كېلىدۇ- بۇ پەقەت مۆمىنگىلا شۇنداق- ئەگەر ئۇنىڭغا خۇشاللىق يەتسە شۈكۈر قىلىدۇ-دە، ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ؛ ئەگەر ئۇنىڭغا مۇسىبەت يەتسە، سەۋر قىلىدۇ-دە، يەنە ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ''** (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) دېگەن.

ھايات كىرزىسلىرىنى، خاپىلىقلىرىنى ئىنئامغا، قۇۋۋەت يېمەكلىكىگە ئايلاندۇرۇپ بەھرىلەيدىغىنى پەقەت ئىماندۇر.

## 5. بەختكە زۆرۈر بولغان ماددىي ئۆلچەم

ماددىي بايلىقنىڭ بەختنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدىكى بەلگىلىك رولىنى ئىنكار قىلىش بىر تەرەپلىمىلىك. چۈنكى رەسۇلۇللاھ: ''**سالىھ ئايال، ياخشى تۇرالغۇ، ياخشى ئۇلاق ئادەم بالىسىنىڭ بەختىدۇر''** دېگەن. بىراق ماددىي بايلىق بەختنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا ھالقىلىق ئورۇن تۇتالمايدۇ. چۈنكى مەزكۇر ھەدىس شەرىفتە كۆزدە تۇتۇلغىنى ھەرگىز سان-مىقدار ئەمەس، بەلكى سۈپەت-ساپادۇر. سالىھ ئايالدىن ئۇنىڭ دىيانىتى، مەنىۋى گۈزەللىكى كۆزدە تۇتۇلغان بولسا، ياخشى ئولتۇراق جايدىن ئۆينىڭ ھەشەمەتلىك، ئېسىل بولۇشىدىن كۆرە ئەتراپتىكى قوشنىلارنىڭ ياخشى، ئىشەنچلىك بولۇشىدىن ئىبارەت مەنىۋى مۇھىت كۆزدە تۇتۇلغان.

بەخت بىر دەرەخ دېيىلسە، ئىنسان روھىيىتى ئۇنىڭغا زېمىندۇر. ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش دەرەخكە كېرەكلىك بولغان سۇ، ھاۋا، قۇياش نۇرىدۇر. پەقەت ۋە پەقەت ئىمانلا ئىنسان قەلبىدە خورىماس، ئۈزۈلمەس بەخت بۇلاقلىرىنى ئاقتۇرالايدۇ. ئاللاھ ھەممىمىزنى ھەقىقىي بەختكە مۇيەسسەر قىلغاي-ئامىن!

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى تالىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ئەجىرلىك مۇساپە، شانلىق نەتىجە

## — جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق تويىغا مۇبارەك

ھاجى مەھمۇدى




جۇڭگودىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى مەملىكەت خاراكتېرلىك بىر ئىسلام دىنى تەشكىلاتىنىڭ بولۇشىنى ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئۈمىد قىلىپ كەلگەنىدى. 1952-يىلىنىڭ بېشىدا جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلاردىن بۇرھان شەھىدى، ليۇ گېپىڭ، سەيپىدىن ئەزىزى، داپۇشىڭ، ياڭ جىڭرېن، ما جيەن، پاڭ شىچيەن، مايۈيخۇەي قاتارلىقلار جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇش ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىشىپ، ئەينى چاغدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە تەكلىپ بەرگەنىدى. بۇ تەكلىپ ئەينى ۋاقىتتا رەئىس ماۋ زېدۇڭ ۋە جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىغا ۋە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللۇقى ۋە قوللىشىغا، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، بىر يىل تەييارلىق خىزمىتى ئىشلىنىش ئارقىلىق، 1953-يىلى 5-ئاينىڭ 11-كۈنى بېيجىڭدا جۇڭگو ئىسلام دىنى 1-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەسمىي قۇرۇلدى. بۇ ئارقىلىق مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان جىددىي ئۈمىد قىلىپ كېلىۋاتقان تارىخىي ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى. جۇڭگودىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا ۋەكىللىك قىلغۇچى مەملىكەت خاراكتېرلىك دىنىي تەشكىلات جۇڭگو تارىخىدا تۇنجى قېتىم بارلىققا كەلدى، بۇ، جۇڭگو ئىسلام دىنى تارىخىدىكى مىسلىسىز بىر يېڭىلىق.

ئىسلام جەمئىيىتى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەتەننى، دىننى سۆيىدىغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك دىنىي تەشكىلاتى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئېتىقادچى ئامما بىلەن ئالاقىلىشىدىغان ۋە ئىتتىپاقلىشىدىغان ۋاستە ۋە كۆۋرۈك. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىنى تىرىشىپ كۈچەيتتى، ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى؛ يەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلدى؛ ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇردى؛ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ۋەتەننىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتناشتۇردى؛ چەت ئەللەر بىلەن بولغان دوستانە بېرىش-كېلىشنى ئاكتىپ قانات يايدۇردى. بۇ خىزمەتلەر ئارقىلىق دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ياخشى تەسىرات ھاسىل قىلدى.

ئىسلام دىنى ساھەسىدە ۋەتەننى، دىننى سۆيىدىغان يۇقىرى قاتلاملىق دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، 1955-يىلى 11-ئايدا بېيجىڭدا جۇڭگو تارىخىدا تۇنجى مەملىكەتلىك ئىسلام دىنى ئالىي بىلىم يۇرتى — جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى قۇرۇلۇپ، 1965-يىلغىچە بولغان 10 يىل ئىچىدە 5 قارار تولۇق كۇرس سىنىپ ۋە بىر قارار تەتقىقات سىنىپى ئاچتى، بۇ سىنىپلارنى پۈتتۈرگەنلەر كېيىنچە جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى تايانچ كۈچ بولۇپ قالدى؛ ئەرەبچە «قۇرئان كەرىم» ۋە «خەتمە قۇرئان» نەشر قىلدۇردى؛ 1957-يىلى 7-ئايدا خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى تەسىس قىلىنىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باش مۇدىرى بۇرھان شەھىدى ئېيتقاندەك، بۇ ژۇرنال "پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇنبىرى ۋە باغچىسى" سۈپىتىدە، ئىسلام دىنى ساھەسىدە ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە بولۇپ، باشقا قېرىنداش ژۇرناللار ئورنىنى باسالمايدىغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدە رولىنى جارى قىلدۇردى؛ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئارزۇسى، دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن 1955-يىلى ئازادلىقتىن كېيىنكى تۇنجى ھەج تاۋاپ ئۆمىكى ھەج تاۋاپ قىلىپ كەلدى ۋە 1964-يىلغىچە 10 نۆۋەت 132 ئادەم(قېتىم) لىك ھەج ئۆمىكى ئۇيۇشتۇرۇلدى؛ ھەر قايسى مۇسۇلمان ئەللىرى بىلەن بولغان دوستانە بېرىش-كېلىشنى قانات يايدۇردى، چەت ئەللەرگە كۆپ قېتىم زىيارەتكە ۋەكىل ئەۋەتتى. 15 ئىسلام دۆلىتى ۋە باشقا

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇل... 50 ي...

2003- يىل 10-ئاينىڭ 15-كۈنى چۈشتىن كېيىن
قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى داغدۇغىل...
ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى
گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خۇي لياڭيۈي، مەملىكەتلى...
ئابدۇرېشىت، ليۇ يەندۇڭ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىس...
قاتناشتى. شۇ كۈنى كەچتە، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كۈتۈۋېلىش ز...



▲تەبرىكلەش يىغىنى ئېچىلىش ئالدىدا، مەركەز رەھبەرلىرى جيا چىڭلىن، خۇي لياڭيۈي، بەي لىچېن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ليۇ يەندۇڭ، يې شاۋۋېن قاتارلىقلار جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.




▲جيا چىڭلىن تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشتى ۋە جۇڭگو ...سلام جەمئىيىتىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.



▲ ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى، ... خادىملار تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشتى.




▲خۇي لياڭيۈي مەركىزى كومىتېت ۋە گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن، 50 يىللىقنى تەبرىكلەپ مۇھىم سۆز قىلدى.

# ىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر

50


يجىڭدىكى خەلق سارىيىدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
ئۆتكۈزۈلدى. مەركىزى كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي
ا چىڭلىن، مەركىزى كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى،
سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى بەي لىچۈەن، ئابلەت
ىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن قاتارلىق رەھبەرلەر تەبرىكلەش يىغىنىغا
ىتى ئۆتكۈزۈلدى.




▲ئىسمائىل ئەھمەد، بەي لىچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، يې شاۋۋېن قاتارلىق رەھبەرلەر 50 يىللىقنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن كۆتۈۋېلىش زىياپىتىگە قاتناشتى.




▲ئىسمائىل ئەھمەد، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق رەھبەرلەر كۆتۈۋېلىش زىياپىتىگە قاتناشقان شىنجاڭلىق ۋەكىللەر بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلەشتى.



مىي ھەيئەت ئەزالىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك




▲ 20 نەچچە ئەرەب-ئىسلام ئەللىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرى ۋە ئەلچىخانا خادىملىرى كۆتۈۋېلىش زىياپىتىگە قاتنىشىپ، 50 يىللىقنى تەبرىكلىدى.

www.uyghurkitap.com

ئەللەردىن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋالدى. بۇ ئارقىلىق يېڭى جۇڭگونىڭ دىنىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى، چەت ئەللەرگە بولغان تەسىرىنى كېڭەيتىپ، يېڭى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ سىرتقا قارىتا يېڭى ئوبرازىنى تۇرغۇزدى.

ئەپسۇسكى، 1957-يىلدىن كېيىن ''سولچىللىق'' ئىدىيە تەسىرى تۈپەيلىدىن بىر مۇنچە يوقىرى قاتلام دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ھېسسىياتىغا زەرەر يەتتى. ''مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى'' باشقا ساھەلەرگە ئوخشاشلا، ئىسلام دىنىنىمۇ مىسلىسىز بالايىئاپەتكە ئۇچراتتى، نەتىجىدە ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتى ئۇزاققىچە توختاپ قالدى.

11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى يېڭىۋاشتىن ئىزچىللىشىپ، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئەسلىگە كەلدى ۋە راۋاج تاپتى. دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ نۇرغۇنلىغان ناھەق، يالغان، خاتا دېلولىرى ئاقلاندى، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا 35 مىڭدەك مەسچىت ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ئېچىلدى ۋە نورمال دىنىي ئېتىقاد قانۇننىڭ قوغدىشىغا مۇيەسسەر بولدى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە 471 يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى، شۇنداقلا، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى قاتارلىق 10 ئىسلام دارىلفۇنۇنى ئۆز پائالىيىتىنى يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلتۈردى ياكى يېڭىدىن قۇرۇلدى: 43مىڭدىن ئارتۇق ئىمام-خاتىپ نورمال دىنىي پائالىيەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 1980-يىلى ئېچىلغان 4-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى 17 يىل توختاپ قېلىپ ئېچىلغان، جۇڭگو ئىسلام دىنى يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويغان مۇھىم بىر يىغىن بولۇپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىنىڭ پۈتۈنلەي يېڭى بىر تەرەققىيات دەۋرىگە كىرگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى بولدى.

يېڭى دەۋردە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەتەننى، دىننى سۆيۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇشنى باشتىن-ئاخىر بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش سۈپىتىدە ئىشلىدى: مۇسۇلمانلار رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ تىنچ-ئىتتىپاق سىياسىي ۋەزىيىتىنى قوغداش، بۈگۈنكى ئىسلاھات- ئېچىۋېتىش بولۇۋاتقان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى قەدىرلەشنى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم خىزمەت نۇقتىسى قىلدى: ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ، سىياسەت، قانۇن-پەرمانلارغا ئاساسلىنىپ، ئايەت-ھەدىسلەر تەلىملىرىگە ئەمەل قىلىپ، مەزھەپلەر زىددىيىتى مەسىلىسى ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن غەيرى مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسىنى توغرا بىر تەرەپ قىلدى: ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي-دىنىي سىياسىتىگە خىلاپ، ئىسلام دىنىغا ئاھانەت قىلغان، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ھېسسىياتىغا زەرەر يەتكۈزگەن بىر مۇنچە ۋەقەلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلدى، دىنىي ئىشلارغا چېتىلىدىغان بىر مۇنچە مەسىلىلەرنى ۋە مۇسۇلمانلاردىن كەلگەن ئەرزىيەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلدى. بۇ ئارقىلىق ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلىنىڭ كۆۋرۈكلۈك ۋە ۋاستىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى، مۇسۇلمانلار رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىمۇ ئىلگىرى سۈردى.

يېڭى دەۋردە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى دىنىي ئىشلار خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى كۈچەيتتى، ''دۆلەت ئىچى خىزمىتىنى مۇھىم نۇقتا قىلىش'' دېگەن بۇ مەركەزنى چۆرىدەپ، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەپ، يول ئېچىش خاراكتېرىگە ئىگە كۆپ خىل خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى:

توختاپ قالغىلى 15 يىل بولغان ھەج تاۋاپ 1979-يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ھەج قىلغۇچىلار تەدرىجىي كۆپىيىپ، 20 نەچچە يىلدىن بېرى 100 مىڭغا يېقىن جۇڭگو مۇسۇلمانى ھەج تاۋاپ قىلىپ كەلدى. بۇ ئارقىلىق جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش سەممىيىتى گەۋدىلەندۈرۈلۈپلا قالماستىن، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى بىلەن چەت ئەل مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋىتىمۇ يەنە بىر قەدەم چوڭقۇرلاشتى.




1995-يىلدىن باشلاپ، يىل ئارىلاپ ئايرىم-ئايرىم ھالدا مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى ۋە مەملىكەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئارقىلىق قىرائەت قىلىشنىڭ خەلقئارالىق ئۆلچەم بويىچە بولۇشى، ۋەز-تەبلىغ مەزمۇنىنىڭ ھازىرقى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلىشىشى، جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرلىشى ئۈچۈن يېڭى ھاياتىي كۈچ بېغىشلاندى.

2001-يىلى 4-ئايدا جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى تەسىس قىلىنىپ، دەۋر تەرەققىياتىغا ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي روھىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان «ۋەز-تەبلىغلەر» تۈزۈپ چىقىلىپ، ئۇنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى توپلىمى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. بۇ ۋەز-تەبلىغلەر ئىسلام دىنى دەۋەتى خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، مۇسۇلمانلار ئېتىقادىنى پاكلاشتۇرۇش، مۇسۇلمانلار رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى كۈچەيتىش، ئەسەبىي دىنىي ئىدىيىلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى توسۇش جەھەتلەردە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. شۇڭا مەركەز بۇ خىل "شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش" خىزمىتىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

ئۈلگىلىك مەسچىت بولۇشقا تىرىشىش پائالىيىتى پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە قانات يايدۇرۇلۇپ، مەملىكەت بويىچە ئۈلگىلىك 100 مەسچىت باھالاپ چىقىلىپ، ھەر قايسى جايلاردىكى مەسچىتلەرنىڭ ئۆزىنى باشقۇرۇشى ۋە ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى.

يېڭى دەۋردە، جۇڭگو ئىسلام مائارىپى ۋە ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى. جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشتىن سىرت، شىنجاڭ، نىڭشىيا، گەنسۇ، خېنەن قاتارلىق جايلاردا 9 ئىسلام دارىلفۇنۇنى قۇرۇلۇپ، ئىسلام مائارىپى تېز تەرەققىي قىلدى؛ 1998-يىلى مەخسۇس ئىسلام مائارىپى خىزمەت يىغىنى چاقىرىلىپ، ئىسلام مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى؛ 2001-يىلى ئىسلام دارىلفۇنۇنلىرى دەرسلىكلىرى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىپ، مەملىكەتلىك ۋە يەرلىك ئىسلام دارىلفۇنۇنلىرىنىڭ دىنىي دەرسلىرىنىڭ بىر تۇتاش دەرسلىكلىرىنى تۈزۈپ چىقىش مەسىلىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە بىرىنچى تۈركۈم ئورۇنلاشتۇرۇلغان 8 تۈرلۈك دەرسلىكنى تۈزۈش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش بولدى.

ئىسلام ئىلمىي-مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، جەمئىيىتىمىز تۈرلۈك چوڭ-كىچىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۇزۇلدۇرمەي ئۇيۇشتۇرۇپ تۇردى. «ئىسلام ئەدەپ-ئەخلاقى ۋە سوتسيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى، ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقالغانلىقىنىڭ 1350 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن «جۇڭگو ئىسلام دىنى تارىخى ۋە تەرەققىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ۋە مەشھۇر مۇسۇلمان ئالىملارنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى قاتارلىقلارنى ئۇيۇشتۇردى. «جۇڭگو ئىسلام قامۇسى»، «زامانىمىزدىكى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»، «ۋەز-تەبلىغلەر»، «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر»، «ئىسلام دىنى ئاساسىي بىلىملىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ نەشر قىلدۇردى؛ ئۇنىڭدىن سىرت، مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام ئالىملىرى، ئىمام-خاتىپلار ۋەكىللىرىنى ھەر قايسى ئەللەردە چاقىرىلغان تۈرلۈك ئىسلام ئىلمىي-مەدەنىيىتى مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشتۇردى.

ئارىلىقتا توختاپ قالغىلى 20 يىل بولغان «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرى 1981-يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، جامائەتنى يېتەكلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى، تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇش، جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مىللىي-دىنىي سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇشى، دىنىي ئەقىدىلەرنى تەشۋىق قىلىشى، دىنىي ئىشلارنى ياخشى يولغا قويۇشغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە تۈرتكە بولۇش، ئىسلام دىنىنىڭ سوتسيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىش مۇساپىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىلھاملاندۇرۇش ۋە تەربىيىلەش رولىنى ئويناپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ، بارغانسېرى مۇھىم تەشۋىق-تەرغىبات ۋە يېتەكچىلىك رولىنى ئويىنماقتا.

يېڭى دەۋردە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئەرەب-ئىسلام ئەللىرى ۋە ھەر قايسى ئەللەر مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان دوستانە بېرىش-كېلىشنى ئاكتىپ قانات يايدۇردى. نۇرغۇنلىغان ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنى كۈتۈۋالدى؛ ئەرەب-ئىسلام ئەللىرىنىڭ ھەققانىي كۈرەشلىرىنى قوللاپ باياناتلار ئېلان قىلدى. شۇنداقلا، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن مۇسۇلمانلىرى بىلەن بېرىش-كېلىش ۋە چۈشىنىشنى كۈچەيتىپ، ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى چوڭقۇرلاشتۇردى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 50 يىلى دەۋر تومۇرىنىڭ سوقۇشىغا ئەگىشىپ، جاپالىق ئەجىر قىلىپ ئالغا يۈكسەلگەن 50 يىل بولدى. ئىشىنىمىزكى، ئىسلام جەمئىيىتى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دىنىي ئىشلارنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مەملىكىتىمىزدە ئومۇمىي خەلق ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ھەممىگە قادىر ئاللاھ بىزگە ھەر جەھەتتىن مەدەت بولغاي-ئامىن!

www.uyghurkitap.com

# ئىتتىپاقلىشايلى، ئىختىلاپ قىلىشمايلى!

ئابدۇكېرەم قارىم

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ھۆرمەتلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلار!

مەملىكىتىمىزدە ئىسلاھات، ئىشىكنى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار پىلان يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، دىنىي پائالىيەتلىرىمىز جانلىنىپ، دىنىي زىيالىيلىرىمىز يېتىشىپ چىقتى. دىنىي ئالىملىرىمىزمۇ ئاشكارا ۋەز-تەبلىغ ئېيتىدىغان بولدى. شۇ سەۋەبلىك كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ مۇقەددەس ئىسلام دىنىنى چۈشىنىشى ۋە دىنىمىزدا بەلگىلەنگەن پەرزلەرنىڭ كىم تەرەپتىن بەلگىلەنگەنلىكىنى، بۇنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە دىنىمىزدا نەھيى قىلىنغان ئىشلارنىڭ نېمە ئۈچۈن نەھيى قىلىنغانلىقىنى چۈشىنىشى نىسبەتەن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھقا ھەمدۇ-سانالار ئېيتىمىز.

ھالبۇكى، ئىسلام دىنى خادىملىرى ئىچىدىكى ئاز سانلىق كىشىلەر مۇسۇلمانلار ئارىسىغا ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقلىرىنى چېچىۋاتىدۇ. ئۇلار ئىسلام ئالىملىرى بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈمنى ئىجرا قىلماستىن، ئىختىلاپلىق مەسىلىلەرگە چىڭ ئېسىلىۋېلىشىپ خەلق ئارىسىدا ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا قىلىۋاتىدۇ. بۇنداق كىشىلەر داۋاملىق ئۆزىنىڭ قارىشىنى توغرا دەپ قاراپ باشقىلارغا پىسەنت قىلماي ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىۋاتىدۇ. شۇ تۈپەيلى ھەر بىر ئىنساپلىق مۇسۇلماننىڭ قەلبىنى ئېچىندۇرۇۋاتىدۇ. تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغ ساھابىلەر ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن تابىئىنلار ئىسلام دىنىنى تولۇق چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن مەسىلىلەرگە توغرا قاراپ يەكۈن چىقىراتتى. بىزگە ئوخشاش ئاددى مەسىلىلەرگە ئېسىلىۋېلىپ بىر-بىرىگە ئاداۋەت قىلمايتتى. ئەلۋەتتە، شەرىئەتنىڭ شاخچە مەسىلىلىرىدە تالاش-تارتىش قىلىشىپ ئىزدىنىشنىڭ ئۆزى يامان ئىش ئەمەس. لېكىن ئۇ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى چەكلىگەن ئىتتىپاقسىزلىق ۋە ئۆچمەنلىككە سەۋەب بولۇپ قالسا بولمايدۇ. چۈنكى ئىتتىپاق بولۇش، ئۆزئارا دوستلىشىش، ھەمنىيەت، ھەمنەپەس بولۇش قاتارلىقلار كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان مەجبۇرىيىتى. ئۇلار خەلق ئارىسىدىكى بىر-بىرىگە ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەت قىلىپ، ئاۋامنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇپ، مۇقەددەس ئىسلام دىنىنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىللەتلەردىن ساقلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم. چۈنكى دۇنيادا ئىسلام دىنى ئىناق-ئىتتىپاق بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، ئۆزئارا ھەمدەمدە بولۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان، ئىتتىپاقسىزلىققا قەتئىي قارشى تۇرىدىغان ئۇلۇغ دىندۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ. **"ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار (يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار). ئاللاھنىڭ سىلەرگە**

**بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر دوزاخ چۇڭقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ"** {سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 103-ئايەت}. "**دىنىدا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ تۈرلۈك پىرقىلەرگە ئايرىلغانلاردىن سەن ئادا-جۇداسەن؛ ئۇلارنىڭ ئىشى پەقەت ئاللاھقىلا خاستۇر (يەنى ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر)، كېيىن (يەنى ئاخىرەتتە) ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزىگە ئېيتىپ بېرىدۇ"** {سۈرە «ئەنئام» (6-سۈرە)، 159-ئايەت}. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: "**ئاللاھ سىلەرگە دىنىدىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى، ساڭا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز ۋەھيى قىلغان نەرسىنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا، ئىساغا بىز تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى بايان قىلدى. سىلەر دىننى بەرپا قىلىڭلار، دىندا تەپرىقىچىلىك قىلماڭلار"** {سۈرە «شۇرا» (42-سۈرە)، 13-ئايەت}.

يۇقىرىقى ئايەتلەردىن شۇ مەلۇم بولىدۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ "**دىندا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ تۈرلۈك پىرقىلەرگە ئايرىلغانلاردىن سەن ئادا-جۇداسەن**" دېگەن سۆزى ئاللاھنىڭ دىندا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا قىلغان ھەر قانداق كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قانداق ئادەم بولۇشتىن قەتئىينەزەر دىنىي قانۇنلارنى ئۆزى بىلگىنىچە تەھلىل قىلىپ تۈرلۈك مەزھەپلەرگە ئايرىلىدىكەن، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئۇنداقلاردىن ئادا-جۇدا بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى: قۇرئان، ھەدىسلەردە ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولغان ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، تارىخى تەجرىبە، ئىبرەت، نەسىھەت ۋە بەزى چوڭ ئىجتىمائىي قانۇنلار بەلگىلەنگەن. بەزى شارائىت ۋە دەۋرلەرنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بولسا، ھەر زامان، ھەر ماكاننىڭ ئىسلام ئالىملىرىغا قالدۇرۇلغان. شۇڭا، ھەر زامان، ھەر ماكاننىڭ ئىسلام ئالىملىرى ئۆز مۇھىتى ۋە شارائىتى ئەھۋالىغا قاراپ ۋە قۇرئان، ھەدىسنىڭ روھى مەزمۇنىغا تەدبىقلاپ، بەزى ئۇششاق مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشتە ئاز تولا ئوخشاشماسلىق سەۋەبى بىلەن ئەھلى سۈننىيلاردا تۆت مەزھەپ كېلىپ چىققان. لېكىن شۇنى بىلىش كېرەككى: مۇجتەھىد (قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن ئەھكاملارنى چىقىرالايدىغان فەقىھ-ئۆلىمالار) بولغىدەك كاتتا ئالىم بولمىغان بىر كىشىنىڭ ئۆز پىكرى بويىچە دىنىي مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشكە بولمايدۇ. پەقەت «قۇرئان كەرىم» ۋە مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ كىتابلىرىدىن جاۋاب تېپىش كېرەك. ئۇششاق-چۈششەك مەسىلىلەرنى پەيدا قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى قايمۇقتۇرۇپ ئىختىلاپقا سېلىش، ئىسلامنىڭ ئاساسلىق كىتابلىرىدا يوق ئىشلارنى "بۇ ئىش مەكرۇھ، بۇ ئىش يامان" دەپ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى كىچىك مەسىلىلەرگە بۇراپ، تەۋھىدكە (ئاللاھنى يەككە-يېگانە، ھېچ شېرىكى يوق دەپ ئېتىقاد قىلىشقا) دائىر مەسىلىلەرنى ۋە شەرىئەتنىڭ چوڭ ئاساسلىق قانۇنلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەسلىك توغرا ئەمەس. ئومۇمەن دەلىلسىز مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ دىنىي ئالىملار ئارىسىغا ۋە باشقىلار ئارىسىغا پىكىر ئىختىلاپلىرى پەيدا قىلىش گۇناھتۇر. شۇڭا ھەممە كىشى چوڭ مەسىلىلەرنى بىلىپ، چىڭ تۇتۇپ ئەمەل قىلىشى لازىم. "مولللارنىڭ گېپى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بىرسى ئۇنى دېسە، بىرسى بۇنى دەيدۇ. ئەگەر بۇ دىن ھەق بولسا ھەممىنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقاتتى" دەپ ئىسلام دىنىنى چۈشەنمەيدىغان، دىنغا ئۆچمەنلىك قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ دىنغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھاقارەت قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ھەممىمىز دىنىمىزنىڭ ئاساسلىق ھۆججىتى بولغان «قۇرئان كەرىم»گە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىگە ۋە فىقھى كىتابلىرىدىكى ئاساسلىق، ئىختىلاپسىز مەسىلىلەرگە قايتىپ بىر خىل گەپ قىلىشىمىز، ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى مېۋىسى يوق باراڭغا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىقىمىز لازىم. شۇنداق بولغاندا ھەقىقەت ئايدىڭلىشىدۇ، تۆتەك يوقىلىدۇ.

فىقھى جەھەتتە، بولۇپمۇ مۇجتەھىدلەرنىڭ سەردارى ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە(699—767) رەھمەتۇللاھ ئەلەيھىنىڭ مەزھىپى بويىچە جاۋاب ئىزدەش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا كۈتۈلمىگەن ئىختىلاپلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش زۆرۈركى: ھەنەفىي مەزھىپى مەملىكىتىمىزدە، جۈملىدىن يالغۇز بىزنىڭ شىنجاڭدىلا تارقالغان بولماستىن بەلكى تۈركىيە، ئىراق، ئافغانىستان، ھىندىستان، پاكىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا، مىسىرنىڭ جەنۇبى قىسمى مۇشۇ مەزھەپكە ئەگىشىدۇ. ئەكسىچە ئەبۇ ھەنىفە(ئىمام ئەزەم) ھەزرەتلىرىنىڭ مەزھىپىدىن چىقىپ، بۇ زاتقا ھەر خىل تۆھمەتلەرنى چاپلاپ، كەڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشنىڭ ئۆزى كەچۈرگۈسىز جىنايەت. چۈنكى ئەبۇ ھەنىفە(ئىمام ئەزەم) تابىئىنلاردىن رەسۇلۇللاھنىڭ يېقىن ساھابىسى ھەزرىتى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ سۆھبىتىدە بولغان. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇھاجىرلارنى ۋە ئەنسارىلارنى ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن تابىئىنلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: "**ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلاردىن، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر (يەنى تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلار)دىن ئاللاھ رازى بولدى، ئۇلارمۇ ئاللاھدىن مەمنۇن بولدى. ئاللاھ ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ چوڭ بەختتۇر**"{سۈرە «تەۋبە» (9-سۈرە)، 100-ئايەت}. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "**ياخشىلىرىڭلار مەن بىلەن بىللە ئۆتكەنلەر. ئاندىن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر، ئاندىن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرگە ئەگىشىپ كەلگەنلەردۇر**" (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس). مەلۇم بولىدۇكى: ئەبۇ ھەنىفە(ئىمام ئەزەم) ھەزرەتلىرى پەيغەمبىرىمىز سۆزلەپ ئۆتكەن ئىككىنچى دەۋر كىشىلىرى ئىچىدە بار.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "**ئاللاھ تائالا مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ(قەستەن قىلماي) سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان گۇناھى ۋە ئۇنتۇپ قېلىپ قىلغان گۇناھى ۋە كىشىنىڭ قورقىتىشى بىلەن مەجبۇرىي قىلغان گۇناھىنى مېنىڭ(خاتىرەم) ئۈچۈن كەچۈرۈم قىلدى**" (ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: "**ھۆكۈمدار توغرا ئىجتىھاد قىلىپ ھۆكۈم قىلغان بولسا ئۇنىڭغا ئىككى ئەجىر بېرىلىدۇ. ئەگەر ئىجتىھاتتا خاتا كېتىپ ھۆكۈم قىلغان بولسىمۇ(نىيىتى توغرا بولغانلىقى ئۈچۈن) بىر ئەجرى بېرىلىدۇ**" (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس). مانا بۇ مۇجتەھىدلىكنىڭ شەرتىنى ھازىرلاپ مۇجتەھىد دەرىجىسىگە يەتكەن كىشىگە خاس. ئىجتىھادقا لاياقىتى توشمىغان ھەر قانداق كىشىنىڭ خاتالىقى ئۆزرە ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇجتەھىدلەرنىڭ ئىجتىھادىغا بويسۇنۇشىمىز ۋە ئەگىشىشىمىز لازىم. يۇقىرىدا دېيىلگىنىدەك، تابىئىنلار، مۇجتەھىدلەر ئاللاھنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان كىشىلەر بولغىنى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تونۇپ، ئۇلارنىڭ خىسلەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ ياخشىلىقلىرىنى تىلغا ئېلىشىمىز، ئۇلارنى ياخشى كۆرۈشىمىز،

ئۇلارغا ئاللاھدىن رەھمەت ۋە مەغپىرەت تەلەپ قىلىشىمىز لازىمكى ھەرگىزمۇ ئۇلارغا تىل تەگكۈزمەسلىكىمىز، ھەسەت قىلماسلىقىمىز، ئىختىلاپتىن ئۆزىمىزنى تارتىشىمىز لازىم. بىز مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ھەممىمىز بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئارىمىزدىكى ئىختىلاپ ئۇرۇقلىرىنى چېچىۋاتقان، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بارلىق ئامىللارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بۆلۈنۈشىدىن، كېيىنكى ئېغىر ئاقىۋەتتىن قاتتىق ساقلىنىشىمىز لازىم. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىك ئىتتىپاقى بۇزۇلسا ئىنسان قىياپىتىدىكى جىن-شەيتانلار ئۇلارنى ئازدۇرۇپ ئولجا ئېلىشى مۇمكىن. ئەمما كۆپچىلىك بىلەن بىللە بولغاندا ھالاك بولۇپ كېتىشتىن ساقلىنىپ قالغىلى بولىدۇ. پادا ئىچىدىكى قويلار ھىمايىگە ئىگە بولغاندا بۆرە ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئەمما توپتىن ئايرىلىپ قالغاندا بولسا ئاچ بۆرىلەر ئاسانلا ئۇلارنى ئۆزىنىڭ مەززىلىك ئولجىسىغا ئايلاندۇرۇۋالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”شەيتان ئىنسانلارغا ھۇجۇم قىلىدىغان بۆرىدۇر. بۆرە قويلارنىڭ توپتىن ئايرىلىپ قالغىنىنى يەيدۇ. پارچىلىنىپ پىرقە-پىرقە بولۇپ كېتىشتىن ساقلىنىڭلار. مۇسۇلمانلار جامائىتىنى لازىم تۇتۇڭلار“** (ئەھمەد رىۋايىتى).

بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزمۇ ئىنتايىن قىممەتلىك سوۋغا سۈپىتىدە بىزگە مۇنداق بىر نەچچە ھېكمەتلىك سۆزلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن: ”بۆلۈنگەننى بۆرە يەر“، ”ئىناقلىق ئوق ئۆتمەس قالقان“، ”ئىتتىپاقلىق كۈچ“، ”بۆلۈنمەك ھالاكەتتۇر، ۋەتەن-ئەلگە پالاكەتتۇر“. ئۇنداقتا بىز «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇشۇ ھەقتىكى گۈزەل چاقىرىقلىرىغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھدە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن يۇقىرىقى ھېكمەتلىك سۆزلىرىگە ئەستايىدىللىق بىلەن ئەمەل قىلىش بىلەن بىرگە بۇ خىل ئىدىيىنى ياش-ئۆسمۈرلەر قەلبىگە سىڭدۈرۈش ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقىرىشىمىز لازىم. شۇنداقلا دىنىي خادىملار ھەممىدىن بۇرۇن دىققىتىنى بىرلىككە كېلىنگەن ھەقىقەتلەرنى راۋاجلاندۇرۇشقا قارىتىشى، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلىشنى ئۆزىنىڭ باش نىشانى قىلىشى لازىم.

مانا بۇ دىنىنىڭ تەقەززاسى، جەمئىيەتنىڭ كۈچلۈك تەلىپى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزدە تەۋرەنمەس ئىرادە، كۈچلۈك ئەقىل، ئۆزگىچە جاسارەت، ئالىي روھ بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت ھەقىقەتكە قايتايلى. شەرىئەت ھۆكۈمىگە ھۆرمەت قىلايلى. ھىيلە پەتىۋا ئىزدىمەيلى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ قېرىنداشلارچە ياشايلى. بىر-بىرىمىزنى قەدىرلەيلى. ئۆز مەنپەئەتىمىزنى كۆزلەپ، پىكىر ئىختىلاپلىرى تۇغدۇرمايلى. قۇرئان، ھەدىس مەزمۇنىنى كۆپ ئاڭلاپ ئەقىدىمىزنى ۋە ئەخلاقىمىزنى تۈزەشكە تىرىشايلى. ناھەق تەرەپبازلىق قىلىشىپ دۈشمەنلەشمەيلى. ھەقنى سۆزلىگۈچى ئالىملارغا چىدىماسلىق قىلىپ تۆھمەت قىلمايلى. بۆلگۈنچىلىك، پىتنە-پاسات تېرىمايلى. ئىتتىپاقلىققا زىيانلىق ھەر قانداق سۆز ھەرىكەتلەردىن ساقلىنايلى. كۆرۈنۈشى ياخشى، قەلبى زەھەر ئادەملەرگە ئالدىنىپ ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە (قۇرئان ۋە ھەدىسكە) خىلاپلىق قىلمايلى. بىر-بىرىمىزگە كۆيۈمچان، قېرىنداش مۇسۇلمانلاردىن بولايلى! ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى ئۆزىنىڭ يولىغا باشلىسۇن، ئامىن!

(ئاپتور: يەكەن ناھىيىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئاتا-ئانىنى قەدىرلەش ۋە ھۆرمەتلەش ھەر بىر پەرزەنتنىڭ مەجبۇرىيىتى

ئابدۇغېنى ئابدۇۋەلى

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قېرىنداشلار، ئاتا-ئانىنى قەدىرلەش، ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارغا كۆيۈنۈش ئىسلام دىنىدىكى مۇھىم پەرزلەردىن بىرى ۋە ھەر بىر پەرزەنتنىڭ مەجبۇرىيىتى، شۇنداقلا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئەخلاقى.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: "**ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى رەنجىتىدىغانلار(يەنى ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ يامان كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىدىغانلار)نى ئاللاھ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا خار قىلغۇچى ئازابنى تەييارلايدۇ**" {سۈرە «ئەھزاب» (33-سۈرە)، 57-ئايەت}. ئاتا-ئانىنى ۋە چوڭلارنى قەدىرلىمەسلىك دەل ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى رەنجىتىدىغانلارنىڭ ئىشى. ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: "**ئىنساننى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈستى-ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا-ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن. ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر**" {سۈرە «لوقمان» (31-سۈرە)، 14-ئايەت}. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە يەنە مۇنداق دەيدۇ: "**سىلەر ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار**" {سۈرە «ئەنئام» (6-سۈرە)، 151-ئايەت}. ئاللاھ تائالا بۇ يەردە ئىنساننى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇپ، ئىنساننىڭ ئاللاھقا ۋە ئاتا-ئانىسىغا شۈكۈر قىلىشى لازىملىقىنى ئېيتىش بىلەن بىرگە ئىنساننىڭ ئاتا-ئانىسىنى ھۆرمەتلىشىنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۇلۇغ يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ: "**سىلەرگە ئەڭ چوڭ گۇناھتىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ ئۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا-ئانىنى قاقشىتىشتىن ئىبارەتتۇر**" (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن. ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن ئاتا-ئانىنى قاقشىتىشنى، ئۇلارغا ياخشى قارىماسلىقنى تەڭ ئورۇندا قويۇپ چوڭ گۇناھلار قاتارىدىن سانىشىمۇ ئىنساننى ئاتا-ئانىسىغا ياخشى قارىماي ئۇلارنى قاقشىتىپ قويۇشتىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈندۇر.

ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاتا-ئانىسىنى قاقشاتماسلىق، ئۇلارغا كۆيۈنۈش ھەر بىر مۇسۇلمان جۈملىدىن ھەر قانداق بىر ئىنساننىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان مەجبۇرىيىتى. ئاتا-ئانا بىلەن پەرزەنتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆيۈمچانلىق مەسىلىسىدە بىز ئاتا-ئانىمىزغا ئەمەس، يەنىلا ئاتا-ئانىمىز بىزگە كۆيۈنىدۇ ۋە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئەڭ ئاددىيسى، بىز-ئاتا-ئانىمىز بىلەن گەپ تەگىشىپ قالساق، ئاتا-ئانىمىز بىزگە بىر ئاز ئاچچىقلانغانىدەك قىلسىمۇ بىر ئازدىن كېيىن بىزنىڭ ئۆزىدىن كەچۈرۈم سورىشىمىزنىمۇ كۈتمەستىن بىزنى كەچۈرۈۋېتىدۇ. پەرزەنتلەر ئاۋارىچىلىققا يولۇققان، كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىغان ۋاقىتتا قۇچىقىنى كەڭ يېيىپ باغرىغا بېسىپ، بېشىنى

سىلاپ تۇرۇپ تەسەللىي بېرەلەيدىغان، ئۇلارنىڭ غەم-قايغۇلىرىغا ئورتاقلىشالايدىغان ئادەم يەنىلا ئاتا-ئانا. ئاتا-ئانا نەقەدەر ئەپۇچان، كۆيۈمچان-ھە! ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنتكە مۇشۇنداق كۆيۈمچان، ئەپۇچان، سەممىي بولۇشى نېمە ئۈچۈن؟ بۇ ھەرگىزمۇ ئاتا-ئانىمىزنىڭ بىزدىن قورقىنى ياكى بىزنىڭ كەچۈرمەيدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى بۇ كەچۈرۈش ئاتا-ئانىدا پەرزەنتكە نىسبەتەن تەڭداشسىز چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببەتنىڭ، ھەقىقىي سەممىي، تەبىئىي كۆيۈنۈشىنىڭ بولغانلىقىدىندۇر. ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنتكە بولغان بۇ خىل مېھىر-مۇھەببىتىنى قانداقتۇر مۇئەييەن ئىقتىسادىي ياردەم، مەنىۋى جەھەتتىكى سېغىنىش، كۆيۈنۈش، ياخشى كۆرۈش دېگەندەك تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەت بىلەن ئۆلچىگىلى، ئاتا-ئانىنىڭ بۇ خىلدىكى ساپ نىيەت، پاك قەلبىنى ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى باشقا مۇناسىۋەتلەرگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. بىز شۇڭا ھەقىقىي ئەمەلىيىتىمىز بىلەن ئاتا-ئانىمىزغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، ئۇلارغا كۆيۈنۈشنى باشقىلارغا كۆيۈنۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىشىمىز كېرەك. ئانىنىڭ ئۆز پەرزەنتىنى 9 ئاي قورسىقىدا كۆتۈرۈپ ئاچچىق تولغاقلار بىلەن تۇغۇپ، تارتقان جاپاسىغا مىننەت قىلماي پەرزەنتىنىڭ يۈكىنى بىر ئۆمۈر كۆتۈرۈشى ئۆز پەرزەنتىگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتى، كۈچىنى ئايىماي پەرزەنتىنى ياخشى ئادەم قىلىپ قاتارغا قوشۇش يولىدا ئانىنىڭ تارتقان جاپاسى ئۇنىڭ پەرزەنتىگە كۆيۈنۈشى ئەمەسمۇ؟ ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە ئاتا-ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەكىتلەپ: ” **پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن(يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: ’ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن‘ دېگىن. پەرۋەردىگارىڭلار دىلىڭلاردىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ئەگەر سىلەر ياخشى بولساڭلار(يەنى ئاتا-ئاناڭلارنى قاقشاتقۇچى بولمىساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ خاتالىقىڭلارنى كەچۈرىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر“** {سۈرە«بەنى ئىسرائىل»(17-سۈرە) 23—25-ئايەت} دەپ بىزنى قاتتىق ئاگاھلاندۇردى. قېرىنداشلار، ئويلاپ باقايلى: ئۈستى يۇلتۇز-پىلانېتلار بىلەن، چەكسىز قوينى سانسىزلىغان رەڭگارەڭ مۆجىزىلەر بىلەن تولغان دۇنيانى بەرپا قىلىپ ئۇنىڭدىكى بىر ئوچۇم تۇپراقتىن ئادەمنى يارىتىپ، بىر تامچە ئابىھاياتنى ئانا ۋۇجۇدىدا ئۈچ باسقۇچتا 9 ئاي تۇرغۇزۇپ، قورساقتىكى قىززىق بالىياتقۇ ئىچىدە ھامىلىنى ئېچىتىپ قويماي، پۇرىتىپ قويماي ئوزۇقلاندۇرۇپ، ئىچكى دۇنياسى ۋە سىرتقى ئەزالىرى شۇنچە مۇكەممەل، ئەقلىي قابىلىيىتى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان، گۈزەللىكتە تەڭدىشى بولمىغان ئىنساننى بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقۇزۇشقا قادىر ياراتقۇچىمىز، ئەجەبا ئىنساننى ئاتا-ئانىنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىدىن غەيرىي شەيئىلەردىن يارىتىشقا قادىر ئەمەسمىدۇ؟ شۇنچە گۈزەل كائىناتنى يارىتىشقا قادىر ئىگىمىز ئەلۋەتتە شۇنداق يارىتىشقىمۇ قادىر، نېمىشقا ئۇنداق ياراتمايدۇ؟ ئەقىللىق ئىنسان بۇنى ناھايىتى ئاسانلا چۈشىنىۋالالايدۇ. ئەلۋەتتە، ياراتقۇچىمىز ئالىم، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، كۈچ-قۇدرىتى تەڭداشسىز بۈيۈك زات. شۇنداق بولغاچقا ئاللاھ پەرزەنتنى: يەنى ئادەمنى ئاتا-ئانىنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitab.com

غەيرىي شەيئىلەردىن ياراتمىغان. ئەگەر ئىنسان ئاتا-ئانىنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىدىن غەيرىي شەيئىلەردىن يارىتىلىپ، ئاتا-ئانىدا پەرزەنتكە چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببەت بولمىسا، ئەر-ئايال قانۇنلۇق توي قىلىش، شەرىئەت ئەھكاملىرى بويىچە ھالال نىكاھلىنىپ پەرزەنتلىك بولۇش، ئۇلارنى جەمئىيەتكە، خەلققە پايدىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشنى ئويلىشامدۇ؟ شۇنداقلا بىزنىڭ بۈگۈنكىدەك خۇشال-خورام ياشىيالىشىمىزنىڭ ئۆزى بىر قۇرۇق گەپ بولۇپ قالامدۇ؟ ئاللاھنىڭ ئىنساننى مېھىر-مۇھەببەت ۋە كۆيۈنۈشتىن يارىتىشى، ئىنسانلارغا ھايات ۋە مېھىر-مۇھەببەت، كۆيۈنۈش ۋە مېھرىبانلىقنىڭ لەززىتىنى چىن ھەقىقەتلەر بىلەن ھېس قىلغۇزۇپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ نېمەتلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن قىلىشى ئىنسانغا ئۆز پەرۋەردىگارىنى تونۇشقا جانلىق پاكىت، ھەقىقىي دەلىللەرنى كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ ھېكمىتىنى تونۇتۇش ئۈچۈندۇر. شۇنداق بولغان ئىكەن بىز ئاللاھنىڭ سۆزى بويىچە ئاتا-ئانىمىزنى قەدىرلىمىسەك ئاللاھنىڭ نېمىتىگە تۇزكورلۇق قىلغان، ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنى تونۇمىغان بولۇپ قالمايمىزمۇ؟ ئۇ چاغدا تېخىمۇ يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقمامدۇ؟ يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئاتا-ئانىنى ھۆرمەتلەش توغرىسىدا نۇرغۇن يول كۆرسەتكەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ نەقىل كەلتۈرگەن. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ”ئى رەسۇلۇللاھ مېنىڭ ياخشىلىق قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق ئادىمىم كىم؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: ‘**ئاناڭ**’ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم: ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ: ‘**ئاناڭ**’ دېدى. ئۇ: ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: ‘**ئاناڭ**’ دېدى. ئۇ ئادەم: ئاندىن قالسىچۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ: ‘**ئاندىن قالسا ئاتاڭ**’ دېدى“(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

بىز ئاللاھنىڭ تەكرار ئاگاھلاندۇرۇشى رەسۇلۇللاھنىڭ قايتا-قايتا يول كۆرسىتىشىدىن ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ، ئۇلارنى قەدىرلەشنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز. ھەر قانداق ئەقىل ئىگىسى ئويلاپ كۆرۈشى كېرەككى، ھەممىمىزگە مەلۇم ئاتا-ئانىمىز بىزگە قىلغان، سىڭدۈرگەن ئەجرى ئۈچۈن، ھەرگىزمۇ بىرەر لوقما نېمەت ياكى بايلىق تەلەپ قىلمايدۇ. ئاتا-ئانا پەرزەنت ئالدىدا ھەرگىزمۇ تەمەگەر ئەمەس. ئەمما ئاتا-ئانىنى ئەڭ ئازابلايدىغان، ئۇلارغا كۆتۈرگۈسىز كۈلپەت ئېلىپ كېلىدىغان ئىش پەرزەنتنىڭ يارامسىز، ۋاپاسىز بولۇپ قېلىشىدۇر. ئاتا-ئانا پەقەت شۇ سەۋەبلىكلا ئۆكۈنىدۇ. ئەگەر ئاتا-ئانا پەرزەنتتىن تەمە قىلىدۇ دېيىلسە دەل پەرزەنتنىڭ ياراملىق، ۋاپادار، سەممىي ئادەم بولۇشىنى تەمە قىلىدۇ. چۈنكى ياراملىق ئادەم بولالمىغان پەرزەنت ئاتا-ئانىغىمۇ، ۋەتەن، خەلقىگىمۇ ۋە ئەتراپىدىكى باشقا كىشىلەرگىمۇ كۆيۈنەلمەيدۇ. جاپا-مۇشەققەتلەرنى تارتىپ چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشقان، ئىنسانىيەتنىڭ ئەۋزەللىكى، ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى بولغان ئاتا-ئانىنى ھۆرمەتلىمىگەن پەرزەنت باشقىلارنى قانداق ھۆرمەتلەيدۇ؟ ئۆز جاپاسىنى تارتقان ۋە ھازىرغىچە تارتىۋاتقان ئاتا-ئانىسىغا كۆيۈنۈپ، ياخشىلىق قىلالمىغان پەرزەنت قانداقمۇ باشقىلارغا كۆيۈنەلەيدۇ ۋە سەممىي سادىق دوست بولالايدۇ؟ كۆز ئالدىدا جاپاسىنى تارتقان، مېھرىبانلىق قىلىپ ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرۈۋاتقان ئاتا-ئانىسىنى ھۆرمەتلىمىگەن، ئۇلارغا سەممىيەت بىلدۈرەلمىگەن پەرزەنت قانداقسىگە ئۆزىگە خاس، ئۆزى خالىغان ئورۇندا تۇرۇپ، ئىنسان مەنىۋىيىتىدىكى ھېكمىتى بىلەن ئىش قىلىۋاتقان، غالىپ، ھەممە مەۋجۇداتلارنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى بىلەلەيدۇ؟ ئاتا-ئانىنىڭ مېھرىبانلىقىنى ھېس قىلالمىغان پەرزەنت

قانداقمۇ ئاللاھنىڭ مېھرىبانلىقىنى، شەپقىتىنى ھېس قىلالايدۇ؟ ئاتا-ئانىسىغا سەممىيەت بىلدۈرەلمىگەن پەرزەنت قانداقسىگە ئاللاھقا چىن ئەقىدە بىلەن ئىخلاس قىلىپ سەممىيەت بىلدۈرەلەيدۇ؟ قىسقىسى، ئاتا-ئانىسىنى ھۆرمەتلىمىگەن پەرزەنت قېرىندىشىمىز بولۇشقا يارىمايدۇ ۋە بىزنىڭ ھۆرمەتلىشىمىزگە ئەرزىمەيدۇ؛ ياخشى كۆرۈشىمىزگە، ياردەم قىلىشىمىزغا تېخىمۇ ئەرزىمەيدۇ.

شۇڭا ئاللاھنىڭ نېمىتىنى تونۇش، ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىش، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋەسىيىتىگە بويسۇنۇش ئۈچۈن، ئاتا-ئانىمىزنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىش، ئۇلارنى رەنجىتمەسلىك، باشقىلارنىڭ چىن دوستى بولۇشقا لايىقلىشىش ئۈچۈن، چوقۇم ياراملىق ئادەم بولۇپ، پەرزەنتلىك بۇرچىمىزنى ئادا قىلىپ، ئىنسانلىق بۇرچىمىزنى تونۇپ، ئاتا-ئانىمىزنى ھۆرمەتلىشىمىز، ئۇلارغا كۆيۈنۈشىمىز، ئۇلارنى مەڭگۈ قەدىرلىشىمىز لازىم. ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى ئۆز رەھمىتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ياخشى، ياراملىق پەرزەنتلەر قاتارىدىن قىلغاي-ئامىن.

(ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىغا تەشەككۈر

**بېيجىڭ شەھىرىدىن:** مالىك تاھىر 100يۈەن، شېرىنئاي 100يۈەن؛ **ئۈرۈمچى شەھىرىدىن:** خالىس ئىئانىچى 120يۈەن، ئەمەر قاسىم 100يۈەن، ياسىن ئەيسا 100يۈەن، شىموگو رايونى دۆڭمەھەللە مەسچىتى 80يۈەن؛ **قەشقەر شەھىرىدىن:** خالىس ئىئانىچى 175يۈەن؛ **تولى ناھىيىسىدىن:** لەمخان ھاجە 200يۈەن؛ **يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىن:** مۇھەممەد توختى ھاجى 100يۈەن؛ **تۇرپان شەھىرىدىن:** تۇردىخان ھاجە 100يۈەن؛ **يەكەن ناھىيىسىدىن:** ئىگەرچى يېزىسىدىن ئەھەتخان ھاجى 100يۈەن، روزى مەتسېيىت 100يۈەن؛ **پوسكام ناھىيىسىدىن:** توختىنياز 100يۈەن، خالىس ئىئانىچى 99يۈەن، بۇۋىھەجەر، گۈلخان ھاجە، توخان تۇردى، رابىيە ھەسەن، خېلىچېخان، گۈلباھار، گۈلھەسەلخان، زورىخان، مۇھەممەت توختى، تۇرسۇن ئىمىن (ئىئانىنى توپلاپ ئەۋەتكۈچى: زىننەت ئۆمەر، ئابلىمىت بارات). **ئونسۇ ناھىيىسىدىن:** ئىشلەمچى يېزىسىدىن تۇرغۇن دائىم، موللا ئاۋۇت مۆمىن ھاجى، تۇنىياز سوپۇرگى ھاجى، موللا ئەيسا ھاجى، ئىمىر ئوسمان ھاجى، تۇرسۇن ھاجى، ئەلا قارى ھاجى(ئىئانىنى توپلاپ ئەۋەتكۈچى: دائىم داۋۇت). **باي ناھىيىسىدىن:** مىسكىن قۇربان، ئابدۇكېرەم قۇربان، تۇردى زۇنۇن، ئىبراھىم مەمەت، ئابلىمىت تاش، مەمەتنىياز ئاۋۇت، سۇلتان تۇردى، تېيىپ قاسىم، تۇرسۇنجان ئابلا، رابىيەم ئېزىز، خالىس ئىئانىچى (ئىئانىنى توپلاپ ئەۋەتكۈچى: ئابدۇكېرەم قۇربان). **كۇچا ناھىيىسىدىن:** يۈسۈپ قۇربان ھاجى، سەمەت ئوسمان، ياسىنجان، مۇھەممەد مىرزى، سىدىق ئەخمەت (ئىئانىنى توپلاپ ئەۋەتكۈچى: يۈسۈپ قۇربان ھاجى). كورلا شەھىرىدىن: ھەمدۇللا ھېمىت ھاجى 150يۈەن، ئەيسا قارىي ھاجى 100يۈەن، ئابلا توختى، زۇنۇن گايىت؛ **مايتاغ رايونىدىن:** ھەبىبە ماموت، نۇخان داۋۇت، رەۋىخان، ئامىنەم ۋاھىت، ئارزىگۈل ياسىن (ئىئانىنى توپلاپ ئەۋەتكۈچى: ھەبىبە ماموت). **نىيە ناھىيىسىدىن:** ئىلغارجان؛ **غۇلجا شەھىرىدىن:** يەھياجان قارى؛ **قەشقەر شەھىرىدىن:** ھاموت مەھەممەت؛ **پەيزاۋات باش مەيدانىدىن:** مۇھەممەد قۇربان؛ **تۇرپان شەھىرىدىن:** رىشىت قارىي ئىمام؛ پىچان ناھىيىسىدىن: مۇيىن تۆمۈر.

يۇقىرىدا ئېلان قىلىنغان ئىئانىلەرنى تەھرىر بۆلۈمىمىز 2002-يىل 11-ئاينىڭ 30-كۈنىدىن 2003-يىل 11-ئاينىڭ 5-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا تاپشۇرۇپ ئالدى. جەمئىي توپلانغان ئىئانە 2708يۈەن. ئىئانىچىلارغا ئاللاھ تائالا ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت ئاتا قىلغاي، ئامىن!

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

# ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەرنى تەربىيلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى توغرىسىدا

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

سادىق قارىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ھازىر كۆپلىگەن كىشىلەر پەرزەنتلىرىنى بىلىم ئېلىش، ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگىنىش، ھۈنەر-كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردە يارامىلىق بىر ئىنسان قىلىپ چىقىش ئۈچۈن ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىۋاتقان بولسىمۇ، بىر قىسىم كىشىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى ئويلاشماي، "دېھقاننىڭ بالىسى ھامان دېھقان بولىدۇ، دېھقاننىڭ بالىسىنى قانچىلىك ئوقۇتقان بىلەنمۇ بەرىبىر كەتمەن چاپىدۇ" دەپ ئۇلارنى بىلىم ئېگىلەش، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى توغرا يولغا باشلاش لاياقىتىدىن مەھرۇم قالدۇرماقتا، پەرزەنتلىرىنى تەربىيلەشتىكى مەسئۇلىيىتىگە سەل قاراپ كەلمەكتە.

پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيلەش ئىسلام دىنىمىز ئاتا-ئانىلارغا يۈكلىگەن مەسئۇلىيەتتۇر. ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلەرنى تەربىيلەش جەريانىدا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۇلارغا باشلامچىلىق قىلىشى كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "**ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار**" {سۈرە «تەھرىم» (66-سۈرە)، 6-ئايەت}. دېمەك ئاتا-ئانا بولغۇچى پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيلەيمەن دەيدىكەن، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئەمەللەرنى ئورۇنلاپ، ئۆزىگە ياخشى ئەدەپ-ئەخلاق سىڭدۈرۈپ، ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە نامايان قىلىش ئارقىلىق پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيلەپ ئاتا-ئانىلىق مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشى، ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىشى لازىم. ئاللاھ تائالا پەرزەنتلەرنى تەربىيلەشتە بىرىنچى تەلەپنى ئاتا-ئانىلارغا قويىدى. چۈنكى ھەر قانداق ئاتا-ئانا بولغۇچى پەرزەنتلەرنى تەربىيلەش جەريانىدا ئۆزىدىكى ناچار ئادەتلەرنى تۈگەتمەي تۇرۇپ پەرزەنتلىرىگە "ئۇنداق ياخشى ئادەم بول، بۇنداق ئېسىل ئادەم بول" دەپ قانچىلىك ۋەز-نەسىھەت قىلغىنى بىلەنمۇ ئۇلارنىڭ ياخشى ئادەم بولۇشىنى قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ. پەرزەنتلەر ھەر خىل ناچار ئادەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى جەمئىيەتتىكى يامان ئادەم ۋە ناچار ئىشلاردىن يۇقتۇرۇۋالسىمۇ، كۆپ قىسمىنى ئاتا-ئانىلاردىن يۇقتۇرۇۋالغان بولىدۇ. پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيلەپ ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ساقلىنىمىز دەيدىكەنمىز، پەرزەنتلەرنىڭ ياخشى ئادەم بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىكەنمىز، ئۆزىمىزگە قاتتىق تەلەپ قويۇشىمىز لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "**سىلەر ھەممىڭلار پادىچى، ھەر كىشى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى پادىلىرىغا مەسئۇل**" (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). "**ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا (پادا) باققۇچىدىن پادىسىنى ساقلىغان ياكى زايا قىلغانلىقىنى سورىغۇچىدۇر**" (ئىبنى ھەببان رىۋايەت قىلغان). دېمەك، ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى ئويلاپ، ئۇلارنى ماددىي، مەنىۋى رىغبەتتىن بەھرىمەن قىلىش ئارقىلىق ئۆز مەسئۇلىيىتىنى باشتىن ئاخىر ياخشى ئادا قىلىشى لازىم.

ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنى ناچار ئادەتلەردىن يىراق بولۇشقا ئاگاھلاندۇرۇشى لازىم. بەزى ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىگە بەك ئامراقلىقىدىن بولسا كېرەك، ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىپ، ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلىپ، جەمئىيەت يۈكسىلىۋاتقان مۇشۇنداق شارائىتتا ئۇلارنى ئەخلاق ۋە ئىلىم-مەرىپەتتىن مەھرۇم قالدۇرماقتا. شۇنىڭ بىلەن بۇ بالىلار ئۆتەڭ بازارلاردا، كوچا دوقمۇشلىرىدا قەرت، بىليارت ئويناپ، ئەتىگەندىن كەچكىچە

تېلېۋىزورلارغا بېرىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قانداق زاماندا ياشاۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ، باشقىلارغىمۇ ئۆزىدىكى ناچار ئادەتلەرنى يۇقتۇرۇپ، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ مۇقىم بولماسلىقىغا سەۋەب بولماقتا. ئۇلارنىڭ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئىلىمسىز، تەربىيەسىز قالغان. ئاتا-ئانىلار ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى، تەلىم-تەربىيىنى كۈچەيتىشى، بۇنىڭ ئۈچۈن يەنىلا ئۆزى ئاۋۋال باشلامچى بولۇشى كېرەك.

ئاللاھ تائالا زېمىنغا دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھلار بىلەن زىننەت بەرگەندەك، ئىنسانلار ئۈچۈن مال-دۇنيا ۋە پەرزەنت بېرىش ئارقىلىق زىننەت بەردى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ. ''**ماللار ۋە بالىلار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر**''{سۈرە «كەھف»(18سۈرە)، 46-ئايەت}. دېمەك، مال-دۇنيا تۇرمۇش ئۈچۈن بولسا، پەرزەنت ئىزباسار قالدۇرۇش ئۈچۈن زىننەت قىلىپ بېرىلگەن.

پەرزەنت دېگەن ئىنسانلار ئۈچۈن ئىزباسار ئەۋلاد، ئۇ ئىنساننىڭ نەسەپ-ئىرقىنى ساقلاپ بارىدۇ. ئاللاھ تائالا ''بالىلار'' سۆزى ئارقىلىق ئاتا-ئانىلارغا قىز-ئوغۇل ھەر ئىككىسىنى زىننەت قىلىپ بەرگەنلىكىنى ئۇقتۇرغان. ھالبۇكى بەزى ئاتا-ئانىلار ئوغۇللىرىنىلا تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، قىزلارغا بولسا ئۇلار ھامان ئەرنىڭ قولى دەپ قاراپ، ئۇلارنى تەربىيەلەشكە سەل قارىماقتا. سەمىگلاردا بولسۇنكى، دۇنيادا ئاياللار ئىچىدىمۇ ئىجادىيەت ياراتقان، دۆلەتنىڭ يۇقىرى قاتلاملىرىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقانلار بار. شۇلارمۇ كىچىكىدە سىلە-بىزلەرنىڭ قىزلىرىمىزغا ئوخشاش قىز بالا ئىدى. ئۇلار ئۇشتۇمتۇت شۇنداق نەتىجىلەرنى يارىتىپ شۇ ئەمەللەرگە ئېرىشكەن ئەمەس، بەلكى ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشىدىن بولغان. ئاللاھ تائالا ئوغۇللىرىنىلا زىننەت قىلىپ بەردۇق دېمەستىن قىزلارنىمۇ زىننەت قىلىپ بەردۇق دەپ، ئېنىق ھالدا. ''**ماللار ۋە بالىلار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر**''دېگەن. شۇڭا ئۇلارنى تەربىيەلەشتە ئۇلارنى تەڭ كۆرۈش، ئۇلارغا ياخشى ئەدەپ-ئەخلاق ۋە ئىلىم ئۆگىتىشىمىز كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ.''**بىر ئادەمنىڭ پەرزەنتىگە ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگىتىشى بىر سائىلغا سەدىقە بەرگىنىدىن ياخشى**''(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). ئەخلاق-پەزىلەت دېگەن ئىنسانلارغا تۇغما ئەمەس، بەلكى بەلگىلىك تەربىيىلىنىش جەريانىدا بارلىققا كېلىدۇ. ئەخلاقى پەزىلەت تاشقى جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشنى ئىچكى جەھەتتىن قوبۇل قىلىش ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ. پەرزەنتلىرىمىزنى ئەدەپ-ئەخلاقلىق تەربىيەلەشتە ياخشى ئەدەپ-ئەخلاقنى ئۆزىمىز ئارقىلىق پەرزەنتلەرگە قارىتىشىمىز كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ.''**ئادەم ئۆلسە ئۇ كىشىگە ساۋاب يېتىدىغان ئەمەللەر توختايدۇ. لېكىن 3 نەرسىدىن ئۇ كىشىگە ساۋاب يېتىپ تۇرىدۇ: بىرىنچىسى، سەدىقە جارىيە(خەلقنىڭ ھەقسىز پايدىلىنىشى ئۈچۈن سېلىنغان مەسچىت، يول-كۆۋرۈك، قۇدۇقتىن ئىبارەت): ئىككىنچىسى، ئىلىم ئۆگەنگەن بولسا(شۇ ئۆگەنگەن ئىلمى ئارقىلىق خەلقنى توغرا يولغا باشلىسا): ئۈچىنچىسى، ياخشى پەرزەنتى بولسا(ئاتا-ئانىسىغا داۋاملىق دۇئا قىلىپ تۇرسا)، مۇشۇ ئەمەللەرنىڭ ساۋابى ئادەمگە مەڭگۈ يېتىپ تۇرىدۇ**''(بۇخارى ئەبى ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلغان). بۇ ھەدىستىمۇ ئوخشاشلا ياخشى ئىش قىلىش، ئىلىم ئۆگىنىش، پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيەلەش بايان قىلىنغان. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرزەنتلەرنىڭ قانداق ئادەم بولۇشى ئاتا-ئانىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى شەرھلەپ مۇنداق دېگەن.''**ھەر قانداق بوۋاق تۇغۇلغان چېغىدا ئىسلام بىلەن تۇغۇلىدۇ، كېيىن ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنى يەھۇدىي قىلىپ چىقىدۇ، يا خرىستىئان قىلىپ چىقىدۇ، يا مەجۇسىي (ئاتەشپەرەس) قىلىپ چىقىدۇ**''(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن مەلۇمكى، مال-دۇنيا ۋە پەرزەنتتىن ئىبارەت تىرىكچىلىك زىننىتىنىڭ ئۆز جايىنى تېپىشى ھەم قەدىر-قىممىتى نامايان قىلىشى ئاتا-ئانىنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. پەرزەنتتىن ئىبارەت زىننەتنى ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي زىننىتى، گۈزەللىكى قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ياخشى تەربىيىلەپ چوڭ قىلىشىمىز كېرەك.

ئاللاھ تائالا ئۆز بەندىلىرىگە مال-دۇنيا ۋە پەرزەنت بېرىشىنىڭ ئۇلارنى سىناش ئىكەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ. **"سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، باللىرىڭلار (سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن) بىر تۈرلۈك سىناقتۇر، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كاتتا ساۋاب بار"** {سۈرە «تەغابۇن» (64-سۈرە)، 15-ئايەت}. دېمەك ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى سىناش ئۈچۈن مال-دۇنيا ۋە پەرزەنتتىن ئىبارەت ئىككى ئامانەتنى تاپشۇردى. ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئۇ ئىككى ئامانەتكە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن سىناقلارغا دۇچ كېلىمىز. ھازىر جەمئىيەتتە مال-دۇنيا، پەرزەنت توغرىسىدا نۇرغۇن رەزىل ئىشلار يۈز بېرىۋاتىدۇ. توغرا يول بىلەن مال-دۇنيا قازانماسلىق، باللىرى پۇل تېپىپ جېنىنى باقسىلا بولىدى دەپ ئويلاش، پەرزەنتلەرنى كىچىكىدىنلا ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىپ ئۇلارنىڭ قانداق ئادەم بولۇشى بىلەن كارى بولماسلىق ، ئۆزى ۋە پەرزەنتىنىڭ ئورتاق تەقدىر-ئىستىقبالى ھەققىدە ئويلانماسلىق، قايغۇرماسلىق، ھەرىكەت قىلماسلىق... قاتارلىقلار ئىسلام دىنىمىزنىڭ تەشەببۇسىغا يات بولغان، گۇناھكارلىققا سەۋەب بولغۇچى ئىللەتلەردۇر. ئاخىرىدا ئاتا-ئانىلارنىڭ مال-دۇنيا ۋە بالا-چاقىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئامانەتنى ئاسراپ، ئۇلارنى زايا قىلماي، پەرزەنتلىرىنى ئاللاھ تائالاغىلا ئىبادەت قىلىدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلىدىغان، ھالاللىقنى سۆيىدىغان، ئەخلاقلىق، بىلىملىك، يارامىلىق ئەۋلاد قىلىپ يېتىشتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاللاھ تائالا ھەممىمىزگە پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيىلەش روھى ۋە كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلغاي-ئامىن.

(ئاپتور: يەكەن ناھىيىسىدىن، مەسچىت ئىمامى ۋە خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## شىنجاڭ دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىدىكىلەر جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە سۆھبەتتە بولدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** شىنجاڭ ئىسلام دىنى مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ئوتتۇرا ياش، ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار كۇرسىدىكى 48 نەپەر دىنىي زاتتىن تەشكىللەنگەن شىنجاڭ دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى روزى ئىسمائىل، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى مەكتىپىنىڭ مەسئۇلى ئىبراھىم ۋۇ جىنگۋاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە 2003- يىل 10- ئاينىڭ 10-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ، شەمشىدىن ھاجى، مۇئاۋىن باش كاتىپى بارات رەجەپ قاتارلىقلار ئۆمەك ئەزالىرى بىلەن سەممىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى. مۇئاۋىن رەئىس شەمشىدىن ھاجى جەمئىيەت رەھبەرلىرىگە ۋاكالىتەن ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ۋە جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. ئۆمەك ئەزالىرى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە قىزغىن ۋە ئەتراپلىق چۈشەنچە بەردى، ئاخىرىدا جەمئىيەت رەھبەرلىرى ئۇلار بىلەن بىرلىكتە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى ۋە ئۆمەك ئەزالىرى شەرىپىگە زىياپەت بەردى. زىياپەتتىن كېيىن دىنىي زاتلار قەدىمىي مەسچىت نيۇ جيې مەسچىتىگە بېرىپ جۈمە نامىزى ئوقۇدى.

بۇ ئۆمەك ئەزالىرى ئاپتونوم رايون بويىچە نۆۋەتلىك مەسچىتلەرنىڭ ئىمام-خاتىپلىرى بولۇپ، 10- ئاينىڭ 8-كۈنىدىن 25-كۈنىگىچە بېيجىڭ شەھىرى، شەندۇڭ، جېجياڭ ئۆلكىلىرى، شاڭخەي شەھىرى قاتارلىق جايلاردىكى مۇناسىۋەتلىك تەرەققىي قىلغان شەھەرلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، 18 كۈنلۈك پائالىيىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونغا قايتتى.

# بىزنىڭ ئىماملىرىمىز

ياقۇپ ھەمدۇللا

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

"ئىمام" ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي رەھبىرى، يېتەكچىسى، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرغۇچى دېگەن مەنىدە. ئىمام ناماز ئوقۇش ۋە باشقا دىنىي رەسمىيەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئىماملارنى شۇ يۇرت-مەھەللە جامائەتلىرى ئەڭ بىلىملىك، تەقۋادار، پەزىلەتلىك، ئەل ئىچىدە يۈكسەك نوپۇزى بار، خەلق ئىشلىرىنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ياخشى بېجىرىپ بېرەلەيدىغان ئىقتىدارلىق، قابىلىيەتلىك، ئىختىساسلىقلاردىن تاللاپ قويىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىلا خەلق ئىچىدە ئەڭ ئىشەنچلىك، راست سۆزلۈك، خۇلقى-مىجەزى ياخشى، باشقىلارغا ھەمىشە ياردەم بېرىدىغان، باشقىلار بىلەن چىقىشىپ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان، قولى ئىشچان، تىلى يېقىملىق، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئاياپ، ئادىل، سەمىمىي، مۇلايىم مۇئامىلە قىلىدىغان ياخشى پەزىلەت، گۈزەل ئەخلاق ئىگىسى ئىدى. شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا ئۇنى ئەلچىلىككە تاللىغان. **"ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر، ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ھېكمەتنى(يەنى ياخشى ئەمەلگە يېتەكلەيدىغان پايدىلىق ئىلىمنى) خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ؛ ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ. پەقەت ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنىڭدىن پەند-نەسىھەت ئالىدۇ"** {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 268 — 269-ئايەت}. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇلايىم سۆزلۈك ئىدى، ياخشى خۇلق ئۇنىڭ بەلگىسى، تەقۋادارلىق، تەمكىنلىك ئۇنىڭ لىباسى ئىدى، ئۇ قوپال سۆزلۈك ئەسكىلەردىن، بەتقىلىق يامانلاردىن خالىي-يىراق ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرلىرىنى مۇسۇلمانلارغا سەمىمىيلىك بىلەن دەرھال يەتكۈزەتتى ۋە ئۆزى باشلامچى بولۇپ قەتئىي تەۋرەنمەي ئەمەل قىلاتتى. ئۇ ئىسلام ھەقىقىتىنى مۇسۇلمانلارغا يەتكۈزۈش، ئازغانلارنى ھىدايەت يولىغا باشلاش ئۈچۈن ئۆزىنى ئايىماي، خەۋپ-خەتەرگە قارىماي 23 يىل جاپالىق كۈرەش قىلىپ، ئىسلام دىنىنى ئاجىزلىقتىن يۈكسەكلىككە كۆتۈردى. بىر ئادەمدىن پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە، بىر دۆلەتتىن پۈتۈن دۇنياغا يۈزلەندۈردى. ئۇ دىننى تەرغىپ قىلىپ، دىن بىلەن سىياسىي ھاكىمىيەت بىرلەشكەن ئەرەب ئىسلام دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىپ، سىياسىي ئالىم، ھەربىي ئالىم، دىنىي داھىيغا ئايلاندى، ئەڭ ئالىي ھۆرمەت بىلەن قەدىرلىنىدىغان تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋزىلى، خوجىسى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئىنسانىيەت تەرەققىيات تارىخىغا كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ غايەت زور بولۇپ ئالىملارنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ھەزرىتى ئابابەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئوسمان، ھەزرىتى ئەلى قاتارلىق خەلىپىلەر(ئىماملار) ئىسلام دىنىنىڭ يۈكسەك دەرۋازىلىرىنى ئەرەب زېمىنىدىن ھالقىتىپ، كەڭ دۇنياغا ئېچىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئاللاھقا يېقىنلىشىش، ھىدايەت تېپىش، ئىككىلا ئالەمدە بەختكە يېتىشتىكى ۋاستە ئىكەنلىكىنى ئىنسانلارغا تونۇتتى. ئۇلار ئادالەت يولىدا پىشقان سەردار، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشتا ياخشى ئىزباسار بولۇپ قالدى.

بۇلاردىن كېيىن ئىمام ھەنىفە(ئىمام ئەزەم)، ئىمام شافىئى، ئىمام مالىك، ئىمام ھەنبەلى(ئىمام ئەھمەد) قاتارلىق مۇجتەھىد ئالىملىرىمىز سۈننىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئېقىمدىكى ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنى، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى توغرا شەرھلەپ، قۇرئاندىكى گۈزەل ئەخلاق، قائىدە-رەسمىيەت، دىنىي مۇراسىملارنىڭ مىزانلىرىغا ئاساس سېلىپ بەردى. ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىنكى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، بىزنىڭ نۇرغۇن ئىمام(ئالىملىرىمىز) ئىسلام دىنىنى پۈتۈن شىنجاڭ رايونىغا ۋە ئونلىغان مىللەت خەلقلىرىنىڭ قەلبىگە يەتكۈزۈشتە ئىنتايىن زور تۆھپە قوشتى، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىفنى تۇتقا قىلىپ، شەرىئەتنىڭ نازۇك نۇقتىلىرىنىمۇ توغرا ئىگىلەپ، ئۇنىڭ روھى ماھىيىتىنى چۈشىنىشلىك شەرھلەپ بەردى، چوڭقۇر ۋە مۇرەككەپ فىقھى ئىلىملىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئىلمى كىتابلارنى يېزىپ، قۇرئاننى تەپسىرلەپ، ھەدىسلەرنى شەرھلەپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىنى مۇسۇلمانلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشتەك مۇھىم ۋەزىپىنى ياخشى ئادا قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ''**مەندىن بىرەر ئايەت بولسىمۇ يەتكۈزۈڭلار**''(بۇخارى رىۋايىتى) دېگەن ئىدى. ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن دىن تارقىتىش، ھەدىسلەرنى يەتكۈزۈش، دىنىي ئىلىملەرنى تەبلىغ قىلىش —پەرز كۇپايە. ئاللاھ تائالا بۇ ئىماملارنىڭ مۇسۇلمانلارنى توغرا يولغا يېتەكلەپ، ئىلىم تارقىتىپ ۋە كىشىلەرگە باشلامچىلىق قىلغان ئەجرى ئۈچۈن رازى بولۇپ، ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت ئاتا قىلغاي، رەسۇلۇللاھنىڭ شاپائىتىدىن بەھرىمەن قىلغاي! —ئامىن!

بىزنىڭ ئىماملىرىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋارىسلىرى، مۇسۇلمانلارنىڭ رولچىسى، سەردارى. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»دىن نۇر ئېمىپ، ھەدىس شەرىفتىن ئوزۇقلىنىپ، پاساھەتلىك، ھېكمەتكە تولغان شېرىن سۆزلىرى بىلەن قاغجىراق دىللارنى كۆكەرتىپ، تەشنا يۈرەكلەرنى ياشارتىپ، شەرىئەت ئىلمىنى چىرايلىق ئۇسلۇب، يېقىملىق ۋەز-نەسىھەت بىلەن قەلبلەر قاتلىمىغا سىڭدۇرۇپ، دىلىمىزنى ھەم يولىمىزنى يورۇتۇپ بەردى. ئۇلار ئىجتىھاتلىق مۇئەللىم، تالانتلىق ئۇستاز، چىۋەر قوماندان، بىزنى ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت يولىغا باشلىغۇچى، بىز ئۇلاردىن چەكسىز مىننەتدارمىز. بىز شۇنداق ئۇلىما-ئالىملىرىمىز بىلەن پەخىرلىنىمىز.

بىزنىڭ ئىماملىرىمىز تارىختىن بۇيان جاپا-مۇشەققەتلىك ھەم مۇقەددەس ۋەزىپىنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئۆتەپ كەلدى. ئۇلار بىرىنىڭ ئىزىنى بىرى بېسىپ، خۇددى دەريا دولقۇنىدەك كۈچ ئۇلاپ توختىماي ئالغا بېسىپ، ئىسلام دىنىنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتىنى روياپقا چىقاردى. ئۇلارنىڭ تۆھپىسى تارىخنىڭ كۈمۈش بەتلىرىگە ئالتۇن ھەلدە يېزىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

ۋاقىت توختىماس كارۋان. ئەسىرلەر كارۋىنى 21- ئۆتەڭگە يەتكەن بۈگۈنكى يېڭى دەۋردە بىزنىڭ ئىماملىرىمىز يېڭى ئەسىر مۇسۇلمانلىرىغا قانداق يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك؟ ئىسلام دىنىنى جەمئىيەتكە قانداق ئۇيغۇنلاشتۇرۇش كېرەك؟ دېگەن تېمىلاردا پىكىر يۈرگۈزمەي، جاۋاب تاپماي بولمايدۇ. بۇ، دەۋرنىڭ تەقەززاسى، خەلقنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدى. تۆۋەندە بۇ ھەقتىكى يۈزەكى كۆزقارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئەھلى ساھەلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن:

1. ئىماملارنىڭ ئىلمى دېڭىزدەك كەڭ ھەم چوڭقۇر بولۇشى كېرەك. ئىماملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلىمگە ئەڭ ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ: ''**مەرىپەت — بېنىڭ دەسمايەم، ئىلىم — قورالىم**'' دېگەن ئىدى. ئىلىمدىن دەسمايە يىغمىغان ئىمام، ئىلىم بىلەن قوراللانمىغان ئىمام خۇرجۇنى قۇرۇق دىۋانىدىنمۇ بىچارىدۇر. ئۇنىڭ نە رولى، نە ئورنى بولسۇن! ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى ۋەھيى قىلغان ئايەت كەرىمنى **"ئوقۇ"،"ياز"،"بىل"** دېگەن گۆھەردەك پارقىراق، ئالتۇندەك سالماق ئۈچ سۆزدىن باشلىغان. چۈنكى بىلىم ئوقۇش بىلەن باشلىنىدۇ. يېزىش بىلەن

تارقىلىدۇ، ساقلىنىدۇ. بىلىش بىلەن ماھىيىتىنى بىلىپ، ئەمەل قىلغىلى بولىدۇ.

ئوقۇش، يېزىش، بىلىش بولسا بىلىمدىن ئىبارەت ئەگگۈشتەرنىڭ ئۈچ مەرۋايىت كۆزى. ئاللاھ بىز ئىنسانلارغا ئىككىلا ئالەمدە بەختكە يەتكۈزىدىغان، مەقسەت، تىلەكلىرىمىزنىڭ ئىجابەت بولۇشىدىكى مۇشۇ ئەگگۈشتەرنى ئەڭ ئالدى بىلەن سوغا قىلغان. ئاللاھ بۇ دۇنيالىق شەيئىلەرنى يارىتىشتا تۈنجى بولۇپ قەلەمنى خەلق ئەتكەن. قەلەمگە لەۋھۇلمەھپۇزغا پۈتكۈل ئىشلارنى يېزىشقا ئەمىر قىلغان. ئاللاھ ئۆز قۇدرەت كارامىتى بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا تۈنجى بولۇپ دۇنيادىكى شەيئىلەرنى بىلدۈرگەن. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئىلىمدە كامال تاپقانلىقتىن ئۇنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىپ ئەرشنەلاغا ئېلىپ چىقىپ پۈتكۈل پەرىشتىلەرنى ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار دەپ بۇيرۇغان "**ئاللاھ پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ئادەمگە ئۆگەتتى**"، "**ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە: 'ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار' دېدۇق**" {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە) 31- ۋە 34-ئايەتلەر}. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ. "**ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرز**"(ماجە رىۋايىتى). "**ئالىم بولغىن ياكى ئۆگەنگۈچى بولغىن، ياكى ئاڭلىغۇچى بولغىن، ياكى ئىلىم ئاشىقى بولغىن، بەشىنچىسى بولمىغىن، مۇنداق بولساڭ ھالاك بولىسەن**" (تىبرانى رىۋايىتى). "**يەر يۈزىدىكى ئالىملار خۇددى يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ جاھاننى يورۇتۇشى بىلەن قاراڭغۇلۇق ياكى دېڭىزلاردا يول تېپىپ ماڭغىلى بولىدۇ. يۇلتۇزلار بولمىسا يول باشلىغۇچىلار ئاسان ئېزىپ قالىدۇ**" دېگەن ئىدى. دېمەك ئىماملار ئاللاھ يولىدا كۆپلەپ تەقۋادارلىق بىلەن ئىماملىق ۋەزىپىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ خۇدا خالىس ئورۇنداش كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**قۇرئان ھېكمەتلىك زىكىردۇر. روشەن نۇردۇر. توغرا يولدۇر. ئاللاھنىڭ مەھكەم رىشتىدۇر. پايدىلىق دورىدۇر**" دېگەن ئىدى. «قۇرئان كەرىم» ئىلىم-ھېكمەت دېڭىزىدۇر. دېڭىز تېگىدە گۆھەر-مارجانلار پىنھاندۇر. بۇ جاۋاھىراتلار قەتئىي ئىرادىلىك، ھېرىپ-چارچاشنى بىلمەيدىغان، توختىماي ئىزلەيدىغان ئەزىمەت غەۋۋاسلارغا ھەمىياندۇر. قۇرئان روشەن نۇر، نۇرلۇق ماياك بولۇپ دىلىمىزنى ھەم يولىمىزنى يورۇتىدۇ. دىللاردىكى روھىي كېسەللەرگە ئەڭ شىپالىق دورىدۇر. قۇرئان ئوقۇغان، قۇرئان ئوقۇتقانلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈممەتلىرىدۇر. شۇڭلاشقا ئىمام قۇرئاننى تەجۋىد قائىدىسى بويىچە چىرايلىق ئوقۇشى، ياد ئېلىشى، مەنىسىنى چۈشىنىپ جامائەتكە تەپسىرلەپ چۈشەنچە بېرىشى ھەم ئەمەل قىلىشى كېرەك. ئاللاھ تائالا: "**قۇرئان ئەرەبچىدۇر، ئەگرىلىكتىن خالىدۇر، ئۈمىدكى، ئۇلار (قۇرئاننىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ كۇفرىدىن) ساقلانغاي**" {سۈرە «زۇمەر» (39- سۈرە) 28- ئايەت} دەپ ئەمر قىلغان. قۇرئاننى ئوقۇش، يادقا قىرائەت قىلىش، نەزىرلەردە، قەبرىستاندا قىرائەت قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ مەنىسىنى چۈشەنمىسەك، ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى بىلمىسەك ھەق-ناھەقنى، ھەق بىلەن كۇفرىنى ئايرىيالمايمىز. ئەمەلىي مەسىلىلەرگە شەرئىي ھۆكۈم قىلىپ توغرا يېشىپ بېرەلمەيمىز . شۇڭلاشقا قۇرئاننىڭ تەفسىرلىرىنى تولۇق ئوقۇش، چوڭقۇر چۈشىنىپ توغرا ئىگىلەش كېرەك. ھازىر شارائىتىمىز ياخشى، ئەرەبچە ئوقۇيالمىساق ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلغان قۇرئاننى تەكرار ئوقۇپ چۈشىنىپ، يادقا ئالساق، ئۆز تىلىمىزدا شەرھلەپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرگە تەتبىقلىساق ئۈنۈمى زور بولىدۇ، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى چوڭ بولىدۇ.

ھەدىس — قۇرئاننىڭ قوشۇمچىسى، شەرھلىنىشى بولۇپ، شەرىئەت ئەركانلىرى، قائىدە-تۈزۈملىرى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى چوڭ-كىچىك مىزان، ئەدەپ-ئەخلاقتا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن

ھۆكۈملەرنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى. ھەدىس — مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر، تۇرمۇش ھەقىقىتىنىڭ نۇرلۇق چىرىغىدۇر، يول كۆرسەتكۈچى يۇلتۇزدۇر، ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ دىلىنى يورۇتىدىغان ئىلمىي ھېكمەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش نۇتقىدا: "**مەن سىلەرگە ئىككى گۆھەرنى يەنى «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىفنى قالدۇردۇم، سىلەر بۇ گۆھەرنى ئىگىلىۋالساڭلارلا مەڭگۈ تۇيۇق يولغا كىرىپ قالمايسىلەر**"دەپ ۋەسىيەت قىلغان ئىدى. شۇڭلاشقا ئىماملىرىمىز سەھىھ ھەدىسلەرنى ئۆگىنىپ، مەنىسىنى چۈشىنىپ ياد ئېلىپ ئۆزلەشتۈرۈشى ھەمدە باشقىلارغا ئۆگىتىشى، سۆزلىشى، تەلىم-تەربىيە بېرىشلىرى كېرەك. يەنە فىقھى كىتابلارنى ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈشى، شەرئى ھۆكۈملەرنى توغرا ئىگىلەپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرگە تەتبىقلاپ، توغرا ھەل قىلالايدىغان، سورىغانلارغا توغرا جاۋاب بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. "**ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ**" دېگەن {سۈرە «مۇجادەلە» (58-سۈرە) 11-ئايەت}. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئالىملارنىڭ دەرىجىسى يۇقىرى، ئىنشائاللاھ!

ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش — ئاللاھقا يېقىنلىشىشنىڭ يولى. پەن-مەدەنىيەت بىلىمى يوق كىشىنىڭ ئۆز ئىمانىنى ئىزچىل مۇستەھكەملىيەلىشى مۇمكىن ئەمەس. بىزنىڭ ئىماملىرىمىز پەننىي بىلىملەرنىمۇ بېرىلىپ ئۆگىنىشى كېرەك. چۈنكى، بۇ دۇنيالىق ئىشلارنى ئىلمىي يول بىلەن ئېنىقلاپ قانۇنىيىتىنى تېپىپ چىقىپ ھەل قىلغاندىلا ئۈنۈمى زور بولىدۇ. ئىلىم ئۆگىنىش كىشىنى ئۇلۇغلۇققا يۈكسەلدۈرىدۇ، كۈچ-قۇۋۋىتىنى، ئەقىل-پاراسىتىنى ئارتتۇرىدۇ. بۇ دۇنيالىق بەختىنىڭ مەنبەسى — بىلىم، ئاخىرەتلىك سائادەتنىڭ يولى — بىلىم. ئىلىم ئەينى بىر دەرەخ، پەرۋىش قىلسىڭىزلا ئۆسىدۇ، چېچەكلەيدۇ، مېۋە بېرىدۇ. بىلىم ئىگىلىسىڭىز ئىمان كۈچىيىدۇ، ئەقىدە ساپ، ئېتىقاد مۇستەھكەم بولىدۇ. شۇڭلاشقا بىزنىڭ ئىماملىرىمىز كەمتەر ئوقۇغۇچىلىق سۈپىتىدە ھارماي ئۆگىنىشى، تالانتلىق ئۇستاز بولۇپ بىلىم ئۆگىتىشى، مەسچىتنى دەرسخانا بىلىپ ھەر ۋاقىت دىنىي، پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىتىشى ھەم ئەستايىدىللىق بىلەن ئادەم تەربىيىلىشى كېرەك. مېنىڭچە مەسچىتلەر ۋە مەرىكە، رەسمىيەت سورۇنلىرى تەلىم-تەربىيە بېرىشنىڭ دەرسخانىلىرىدۇر. بىز بۇ سورۇن ئەھلىنى ئوبدان تەربىيىلىسەك، جامائىتىمىز كۈندىن-كۈنگە ئىلىمدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، ئىش ئۈنۈمى يۇقىرىلاپ كۈنسېرى راۋاج تاپىدۇ. ئاتا-ئانىلار بالىلارغا ئۈلگە بولىدۇ، ئۆگىتىدۇ، تەربىيە بېرىدۇ.

2. دائىم ۋەز-تەبلىغ قىلىشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. «قۇرئان كەرىم»دە: "**ۋەز-نەسىھەت پايدىلىق بولىدىغان بولسا، (كىشىلەرگە قۇرئان بىلەن) ۋەز-نەسىھەت قىلغىن. ئاللاھدىن (قورققان) ئادەم ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەڭ شەقى ئادەم ۋەز-نەسىھەتتىن قاچىدۇ**" {سۈرە «ئەئلا» (87-ئايەت)، 9—11-ئايەت} دېگەن ئايەت كەرىملەر چۈشۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن ۋەز-نەسىھەت قىلىش — ئاللاھنىڭ ئەمرى، پەرز ئەمەل، ئىمامنىڭ مەسئۇلىيىتى، مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز. ھەر نامازنىڭ ئالدى-كەينىدە، ھەر بىر دىنى مۇراسىم، جۈمە نامىزى، مېيىت نامىزى، ھېيت نامىزىنىڭ ئالدى-كەينىدە بوش ۋاقىت بولسىلا ۋەز ئېيتىش، تەربىيە بېرىشنى ئۈزمەي داۋاملاشتۇرۇش لازىم. جۈمە خۇتبىسى، نىكاھ خۇتبىسى، ھېيت ناماز خۇتبىلىرىدا ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى يېشىپ بېرىش، تەربىيە بېرىش مەقسىتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. ھەممىنى ئەرەبچە ئوقۇساق جامائىتىمىز ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلمىسە تەربىيىلىنىشتىن قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولسۇن؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**مەن كىشىلەرگە بىلدۈرگۈچى**

بولۇپ ئەۋەتىلدىم"(ماجە رىۋايىتى) دېگەن ئىدى. سىز جامائەتكە بىلدۈرگۈچى مۇئەللىم بولۇشىڭىز كېرەكتە. ھازىر بىز مۇسۇلمانلاردا نادانلار كۆپ. نادانلىق — خارلىق، نادانلىق — ئەشەددىي دۈشمەن. نادانلىقتىن قۇتۇلمىغان مىللەت خارلىقتىن، گادايلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ. خەلقىمىزنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئاۋۋال سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بىر مىللەتنىڭ ئالىملىرى قانچىكى كۆپ بولسا، ئۇ مەدەنىيەتلىك مىللەت، قۇدرەتلىك مىللەت، تەرەققىي قىلغان مىللەت بولالايدۇ. بىزنىڭ ئىماملىرىمىز ياخشى ئۇستاز بولۇپ، جامائەتلىرىمىزگە مەسئۇل بولۇپ ۋەز- تەبلىغنى ياخشى قىلىپ، جامائەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە زور كۈچ سەرپ قىلىشى كېرەك. "مەملىكەت ئۆز ئالىملىرى بىلەن ھۆسن جامال تاپىدۇ. پەرھىزكار كىشىلەر بىلەن كامالەتكە يېتىدۇ"(سەئىدى شىرازى). ئىمام قانداق بولسا، جامائىتى شۇنداق بولىدۇ. جامائەتنى تەربىيىلەش ئىمامنىڭ مەجبۇرىيىتى، مەسئۇلىيىتى، ۋەزىپىسى.

3. پەزىلەتلىك، ئەخلاقلىق بولۇش كېرەك. ئىنساننىڭ گۈزەللىكى ئەخلاقىنىڭ گۈزەللىكىدىن كېلىدۇ. قەلب گۈزەللىكى ئىنساننى يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەخلاق ۋە پەزىلەتتە بىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىمىزدۇر. «قۇرئان كەرىم»نىڭ «قەلەم» سۈرىسىدە: "**(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىگىسەن**"{سۈرە «قەلەم» (68-سۈرە)، 4-ئايەت} دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاق، گۈزەل خۇلقى قۇرئاندا شەرھلەنگەن گۈزەل ئەخلاقنىڭ مۇجەسسەم نامايەندىسىدۇر. قۇرئان پۈتكۈل ئىنسانلارغا گۈزەل-ئەخلاق دەرسلىكىدۇر. ئىنسانلار جەمئىيەتتە بولۇشقا تېگىشلىك ھەممە گۈزەل ئەخلاق قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنىدۇ. ئىنسانلار ئارىسىدا يۈز بېرىۋاتقان جىمىكى ئەخلاقسىزلىق، بەتقىلىقنى قۇرئاندا چەكلەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**مەن گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم**". دېگەن ئىدى. «قۇرئان كەرىم» دە ئاللاھ تائالا: "**كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ(چۈنكى، پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ)**" {سۈرە «نىسا» (4- سۈرە)، 80- ئايەت} دېگەن ئىدى. پەيغەمبىرىمىزنى ئۈلگە قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ، ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ھەر بىر سۆز- ھەرىكەتتە باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشىمىز كېرەك.

4. ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، مۇقىملىقنى ساقلاش كېرەك. بىر مىللەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئىچكى ۋە تاشقى ئىتتىپاقلىقتىن كېلىدۇ. "قول تۈگۈلسە مۇشت بولىدۇ. ئەل يىغىلسا كۈچ بولىدۇ" ئىسلام دىنى ئىتتىپاقلىشىشنى پەرز دەپ بىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە: "**مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھتىن قورقۇڭلار**"{سۈرە « ھۇجۇرات»(49-سۈرە)، 10- ئايەت} قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئايەت كەرىملەردە ئىتتىپاقلىق تەۋسىيە قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**ئىختىلاپ قىلىشماڭلار. سىلەردىن بۇرۇنقىلار ئىختىلاپ قىلىشقانلىقتىن ھالاك بولغان**" (بۇخارى رىۋايىتى). دېمەك، ئىتتىپاقلاشقاندىلا مىللەت ۋە خەلق كۈچىيىدۇ. بىر نىيەت بىر مەقسەتتە بىرلەشكەن خەلق كۈچىگە ھېچقانداق كۈچ تەڭ كېلەلمەيدۇ. بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقارغان قەۋم ئۆم- ئىناق، تىنچ- ئامان، تۇرمۇش پاراۋان، كۆڭۈل شادىمان بەختىيارلىقتىن بەھرى ئېلىپ، قۇتلۇق ئىستىقبالغا يېتەلەيدۇ. ئىختىلاپ، زىددىيەت- نىزا، جېدەل- ماجىرا، ئىتتىپاقسىزلىق ھالاكەت يولى بولۇپ، مەغلۇبىيەتتىن قۇتۇلالمايدۇ.

پەيغەمبىرىمىز بىزنى: "**جامائەت بىلەن بىرگە بولۇڭلار. چۈنكى، ئاللاھ جامائەتكە**

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يـاردەم بـېرىدۇ»، «شـەيتان ئىنسـانلار ئۈچـۈن گويا بىر بۆرىدۇر. بۆرە توپتىن ئايرىلىپ قالغان قويـنى يـرتىپ يېگـەنگـە ئوخشـاش شـەيتانمۇ **جامائەتتىـن ئـايـرىلغان ئادەمـنى ئـازدۇرىدۇ»** دەپ ئاگـاھلاندۇرغان ئىـدى. شۇڭلاشـقا بىزنىـڭ ئىماملىرىمىـز ئىتتىپـاقلىق بايرىقـىـنى ئېگىـز كۆتۈرۈپ، ھەرقايسى مەسچىتلەر ئارا، ئاخۇنلار ئـارا، مەزھەپلـەر ئـارا ئـېچىل ئىـناق ئۆتۈشكە ئەھمـيـيەت بېرىشـى، ئـۆز جامائەتنىـڭ، يۇرتداشلىرىنىڭ بىرلىك-ئىتتىپاقىنى ياخشىلاپلا قالمـاي، باشـقا يـۇرت، باشـقا دىـن، باشـقا مىللەتلـەر بىلـەن بولغـان ئىتتىپـاقلىقنىمۇ ياخشىلاپ، تىنچ-مۇقىم ۋەزىيەتنى قوغدىشى لازىـم. ئىتتىپـاقلىققا تەسىر يېتىدىغان سۆز-ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىپ، ئىتتىپاقسىزلىق، پارچىلىنىشقا كەسكىن قارشى تۇرۇشى كېرەك. ئىتتىپـاقلىق — كۈچ، مۇقىملىق — دۆلەتنى گـۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بەخت-سـائادەتكە بەھـرىمەن قىلىشـنىڭ ئاساسـى شـەرتى. ئىتتىپـاقلىق، مۇقىملىقـنى قوغـداش ھـەر بىرىمىزنىڭ قانۇنىي بۇرچى.

5. مۇسۇلمانلارنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن باي بولۇشىغا باشلامچى بولۇشى كېرەك. ئەمگەك — باياشـات ياشـاش، ماددىـي تەمىناتـنى ياخشىلاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ھالال ئەمگىكى بىلـەن بـاي بولـۇش ھۆكۈمىتىمىزنىـڭ شـۇئارى. ئىسلام دىنىمۇ ئەمگەك قىلىپ يېگەن تائامنى ئـەڭ ھالال سانايدۇ. داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىر دۆلەتنىـڭ پادىشاھى تۇرۇپمۇ بەيتۇلمالدىـن ھېچنەرسـە ئالمـاي، ئۆزىنىـڭ تـۆمۈرچىلىك ھۈنـىرى بىلـەن ئىشلەپ تاپقان پۇلدىن ئائىلىسىنى تەمىنلىگەن. ھەزرىتى ئەلى ئوزۇقى تۈگـەپ قالغاندا بىر تۇل خوتۇننىڭ كېسىكىنى قويـۇپ بېرىپ، ئىش ھەققىنى ئېلىپ ئۆيدىكىلەرنى غىـزالاندۇرغان. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«ئاللاھ بىلـەن قەسـەمكى، سـىلەرنىڭ بىرىـڭلار ئارغامچىسىنى ئېلىپ بېرىپ ئوتـۇن تېرىپ**

سېتىپ جان باقسا، مەيلى بەرسۇن، مەيلى بەرمىسۇن، باشقىلاردىن تىلەمچىلىك قىلىپ جان باقاندىـن كـۆپ ياخشـى» دەپ ئېـنىق ئاگاھلاندۇرۇپ، تەييارغا ھەييار بىكار تەلەپلەرنى ئـۆز ئەمگىكى ئـارقىلىق ھـالال ياشاشـقا دەۋەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە: **«ناماز ئوقۇلـۇپ بولغـاندا(يـەنى نامازدىـن پـارىغ بولغىنىڭلاردىـن كېيـىن) زېمىنغا تارىلىپ(يەنى ئـۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلـەن بولۇپ) ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار»** {سۈرە«جۇمۇئە»(62-سۈرە)، 10-ئايەت} دەپ ئەمر قىلدى. يەنى ھـەر كىـم ھـەر يەرلـەردە ھـەرخىل كەسىپلەرنى قىلىـپ ئـۆز رىزقىـڭلارنى ئـۆز قولۇڭـلار بىلـەن تېپىـپ يـەڭلار دېـدى، يېـتىپ يەڭلار دېمىدى. ئەمگـەك قىلىـش — شەرەپ. بىكار تەلەپ بولۇپ تىلـەپ يېيىـش — نومـۇس. بىـز مۇسـۇلمانلار ئەزەلدىـنلا ئەمگـەكچان، قابىلىـيەتلىك، ھۈنـەرۋەن، سودىغا پىششىق، كەسىپتە ماھىر، ئىشـچان قـەۋم. بىزنىـڭ ئىماملىرىمىـز مۇسۇلمانلاردىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى نامايان قىلىپ ئۆز كۈچى، ئەقىل-پاراستى، ماھارىتىگە تايـىنىپ ھـەر كىـم ئـۆز ئەمگـىكى بىلـەن بـاي بولۇشـىغا باشـلامچىلىق قىلىـش بىلـەن بىرگـە كەمـبەغەل، ئاجـىز، يېـتىم-يېسـىرلارنىڭ غەمخورچىسـى، خەيـر-ساخاۋەتچىسـى، ئەقىلچىسـى، يېتەكچىسـى بولـۇپ، بـاي بولۇشقا ياردەم بېرىشى، ھەرگىزمۇ بىكار تەلەپ دۇئاگۆي، تەيـيارغا ھەيـيار دىۋانىلارنىـڭ ھامىيسـى بولماسلىقى كېرەك.

6. مۇسـۇلمانلارنىڭ ئېسـىل ئەنئەنىسـىنى جـارى قىلىـپ، ناچـار ئادەتلـەرنى ئۆزگەرتىشـى كـېرەك. مۇقـەددەس كىـتاب قۇرئاندا: **«سىلەرنىڭ ئـاراڭلاردا خەيـرلىك ئىشـلارغا دەۋەت قىلىدىغـان، ياخشـى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشـلارنى مـەنئى قىلىدىغـان بىر جامائـە بولسـۇن؛ ئەنـە شـۇلار مەقسىتىگـە ئېرىشكۈچىلەردۇر»** {سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 104-ئايەت} دېگەن ئايەت كەرىم بار.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ مەركىزى ئىدىيىسى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىشقا ئۈندەش، يامان ئىشتىن توسۇشتىن ئىبارەت. ئىسلام دىنىدا، ئەمر-مەرۇپ، نەھيى-مۇنكەر پەرز دېيىلگەن. ئىماملىرىمىز ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ئەمر-مەرۇپ، نەھيى-مۇنكەرنى ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتى، مەسئۇلىيىتى دەپ تونۇپ، ھەمىشە ۋەز-نەسىھەت قىلىپ تۇرسا، جامائەت ئىچىدە ئاتا-ئانىلىرىغا، قېرىنداشلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان، يېتىم-يېسىر، غېرىب-مۇساپىر، پېقىر-مىسكىنلەرگە خەيرى-ئېھسان قىلىدىغان، كىشىنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلمايدىغان، قولۇم-قوشنا ۋە باشقىلارغا سىلە-رەھىم قىلىدىغان، پېقىر-مىسكىن، ئاجىز تۇغقانلىرىغا يار-يۆلەكتە بولىدىغان، ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرۇپ ئادىل ئىش قىلىدىغان، ئاياللارغا، بالىلارغا كۆيۈنىدىغان، كەمتەر، مۇلايىم بولۇپ باشقىلار بىلەن ئىناق ئۆتىدىغان، كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، ھالال كەسىپ قىلىپ، تازىلىققا رىئايە قىلىپ، مۇھىتنى قوغداپ، ھەمىشە ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىپ ئاللاھتىن قورقىدىغان ياخشى پەزىلەت، گۈزەل ئەخلاق ئاستا-ئاستا ئومۇملىشىدۇ.

ئىماملار قۇرئاننىڭ ئىدىيىسىگە زىت، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە مۇخالىپ، ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە قارىشى بولغان ھەر قانداق سۆز-ھەرىكەتنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن چەكلىشى كېرەك. مەسىلەن: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىغان، ئاتا-ئانىسىنى قاقشىتىدىغان، يېتىملارنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋالىدىغان، ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق، غەيۋەتخورلۇق، ھەسەتخورلۇق قىلىدىغان، ھاراق ئىچىدىغان، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغان، ساتىدىغان، قىمار ئوينايدىغان، بىدئەت ئەمەللەرنى پەيدا قىلىدىغان، تىلەمچىلىك قىلىدىغانلارنى، سېھىرگەر، جادۇگەر، داخان، پالچىلارنى، ئوغرى، بۇلاڭچى، قاتىل، زىناخور، پاھىشۋاز، پاسىقلارنى ھەمىشە نەسىھەت بىلەن چەكلىسەك، ئىللەت تۈزەلسە ممىللەت تۈزۈلىدۇ-دە، خەلقىمىز خاتىرجەم، يۇرتىمىز تىنچ ئامان بولىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» گۈزەل ئەخلاق دەستۇرى. دىلىمىزنى، يولىمىزنى يورۇتىدىغان نۇرلۇق كىتاب. قۇرئان بىزنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. شۇڭلاشقا مۇسۇلمانلاردا قېلىپلاشقان ئېسىل پەزىلەت، ياخشى ئادەتلەر كۆپ. لېكىن، بىزنىڭ قۇرئاننى ۋەز-نەسىھەت قوللانمىسى قىلىپ، ئامما غا ھەمىشە تەلىم بېرىپ، ئەمر-مەرۇپ قىلىشىمىز كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن بەزى بىدئەت ئەمەللەر پەيدا بولۇپ، ئەۋجىگە كۆتۈرۈلمەكتە. مەسىلەن: ئۆلۈم مۇراسىملىرى، توي مۇراسىملىرى بەك ھەشەمەتلىك بولۇپ ئىسراپخورلۇق، بۇزۇپ-چېچىش، ئۆزىنى كۆرسىتىپ پۇل-مېلىنى كۆز-كۆز قىلىشتەك يامان خاھىشلار باش كۆتۈرۈپ قالدى. بىزدە نادانلار كۆپ بولغاچقا، غەيرى دىن، باشقا مەزھەپلەرنىڭ بەزى ناپاك، ناچار تەرەپ، يامان ئادەتلىرى سۆرەپ كىرىلىپ رەسمىي يوسۇن قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ خىل غەيرى دىن، غەيرى مەزھەپلەرنىڭ ئەمەللىرى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتەك ئەڭ دەھشەتلىك ھالاكەتلىك گۇناھ بولىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ، نادانلىق كوچىسىدا قايمۇققان، خۇراپاتلىق كۆلىگە غەرق بولغان، ئەسكى خۇلق، يامان ئىللەت، ناچار ئادەتلەرگە قايمۇقۇپ ئۆگىنىپ قالغانلارنى قۇتقۇزۇۋېلىشىمىز، ئېسىل پەزىلەت، ياخشى ئادەتلەر بىلەن يۇرتىمىزنى گۈللىتىپ، خەلقىمىزنى ئۆگىتىپ، مىللىتىمىزنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.

7. مەسچىتلەرنى ياخشى باشقۇرۇش كېرەك. مەسچىت — ئاللاھنىڭ ئۆيى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەتگاھى. ئىمام مەسچىتنىڭ مەسئۇلى. مەسچىتنى ياخشى باشقۇرۇش ئىماملارنىڭ ۋەزىپىسى. ئىماملار مەسچىتنى قانۇن ئارقىلىق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

باشقۇرۇش، قانۇن يول قويغان دائىرىدە دىنى پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا رەھبەرلىك قىلىشى لازىم. ھەر قانداق دىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، تەرەققى قىلىشى ئۈچۈن دۆلەت قانۇنىغا بويسۇنۇشى، ۋەزىيەتكە، سىياسەتكە، جەمئىيەتكە ماسلىشىشى كېرەك. مەسچىتلەرنى دېموكراتىك ئاساستا ياخشى باشقۇرۇپ، جامائەتكە دىنى ئىشلارنى باشقۇرۇش نىزامىنىڭ تەلەپلىرى، بەلگىلىمىلىرىنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلىشى كېرەك. مەسچىتلەردە كۇتۇپخانا قۇرۇپ دىنىي، پەننىي، سىياسىي-قانۇن كىتابلىرى، گېزىت- ژۇرناللارنى سەپلەپ مۇقىم ئۆگىنىش تۈزۈمىنى بېكىتىپ، باشلامچىلىق بىلەن ئومۇمىي ساۋات بىلىملىرىدىن ساۋاق بېرىش كېرەك. مەسچىتلەردە مۇكەممەل تەرتىپ تۈزۈم تۇرغۇزۇپ، تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. مەسچىتنىڭ ئىقتىسادى خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، بازار ئىگىلىكىگە ماس ھالدا ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشى، كىرىم يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، تېجەشلىك، ئىقتىسادچىل بولۇپ، ئۆزىنى ئۆزى قامداش ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. جامائەتنى تەشكىللەپ، قىزغىنلىق بىلەن ئىئانە يىغىپ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، مائارىپ ساھەسى ئاپەت رايونلىرى، كەمبەغەللەرنى يۆلەش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش، يېتىم-يېسىر، پېقىر-مىسكىن، ئاجىزلارغا خەيرى-ساخاۋەت قىلىشتا ياخشى باشلامچى بولۇش كېرەك.

بىزنىڭ ئىماملىرىمىز تەۋرەنمەس ئەقىدە، چىن ئىخلاسى بىلەن ھەر مىللەت مۇسۇلمان ئاممىسى ئۈچۈن جان دىل بىلەن ئىشلىشى كېرەك. ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش مۇھەببىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قۇرئاننى قوللانما، ھەدىسلەرنى دەستۇر قىلىپ، ساپ ئىسلام روھىغا سادىق بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرى، گۈزەل ئەخلاق پەزىلەتلىرىگە توغرا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، يېڭى ئەسىردە يېڭىچە روھ، يېڭىچە كۈچ-غەيرەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، يېڭى تارىخى دەۋردە زىممىمىزگە چۈشكەن يېڭى ۋەزىپىلەرنى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئورۇنلايلى.

(ئاپتور: مورى ناھىيىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى شەمشىدىن ھاجى)

## «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلى دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى قارىمىقىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئاراغا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان پەسىللىك ژۇرنال بولۇپ، تاق باھاسى 4 يۈەن، يىللىق باھاسى 16 يۈەن، يىللىق توپلام باھاسى 25 يۈەن(تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق تارقىتىلىدۇ). ژۇرنىلىمىز پوچتىخانا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى(شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى)، يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق تارقىتىلىدۇ.

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 167—58. چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1720.

كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ، ژۇرنىلىمىز زوقمەنلىرىنىڭ، ئىدارە-تەشكىلات، مائارىپ-مەدەنىيەت تارماقلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ پائال مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

# دامكۇ پۇناق مەدرىسى ۋە ئابدۇرەھمان قارىئاخۇنۇم

ئابدۇغېنى قۇربانىياز

1938- يىلى چىرا ناھىيىسىدىكى دامكۇنىڭ پۇناق رايونى يېڭى ئۆستەڭ كەنتلىك قاسىمھاجىم دېگەن كىشىنىڭ تەشەببۇسى ۋە مەبلەغ چىقىرىشى بىلەن قۇرۇلغان پۇناق مەدرىسى ئوقۇش شارائىتىنىڭ ياخشىلىقى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ يېڭىلىقى، ئوقۇتۇش مەزمۇنىنىڭ كەڭ ۋە كۆپلۈكى بىلەن دامكۇ مائارىپىغا ئۆزگىچە ھۆسن قوشۇپ، مەدرىس مائارىپىدا يۇكسەك چوققا ۋە نەمۇنە ياراتقان. پۇناق مەدرىسىنىڭ تەرەققىياتى مەرىپەتسۆيەر زات قاسىم ھاجىمدىن باشقا، مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى لايىھىلىگەن، ئۆزى بىۋاستە قول سېلىپ ئىشلىگەن مەشھۇر ئۆلىما، مۇدەررىس ئۇستاز مەرھۇم ئابدۇرەھمان قارىئاخۇنۇمنىڭ ئاققۇزغان قان-تەر، ئەجىر-مېھنىتىدىن ئايرىلالمايدۇ.

ئابدۇرەھمان قارىئاخۇنۇم ئاتاباي ئوغلى 1897-يىلى ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان شەھرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى شۇ دەۋردىكى ئۆزبېكلەر ئىچىدە خېلى ئاتالغان باي، ئىخلاسمەن كىشىلەر بولغاچقا ئائىلە مۇھىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى كىچىك ئابدۇرەھماننىڭ قەلبىدە ئىلىمگە زور ئىشتىياق ئويغاتتى. ئۇ ئوقۇش يېشىغا توشا-توشمايلا مەدرىسكە كىرىپ ئوقۇدى. 12 يېشىدا مۇرەتتەب قارىلىق دەرىجىسىگە يەتتى. ئۇ ئىلىم ئىزدەپ تاشكەنت، بۇخارا قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن بىللە ئەرەب، پارس، رۇس، ئىنگلىز تىللىرىنى پۇختا ئۆگەندى. 1920-يىلدىن 1930-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا دادىسى ئاتابايىنىڭ ياغاچچىلىق، موزدۇزلۇق ھۈنىرىنى



مۇدەررىس ئابدۇراھمان قارىئاخۇنۇم

ئۆگىنىپ، شۇنىڭ بىلەن بىلەن مەشغۇل بولدى. 1930-يىلى ئابدۇرەھمان قارىئاخۇنۇم بىر قىسىم ئۆزبېك تىجارەتچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىلىم ۋە ئادالەت ئىزدەپ قەشقەرگە كېلىپ، خانلىق مەدرىستە بىر يىل ئوقۇدى. 1931-يىلى خوتەنگە كېلىپ، كېرىيە بىلەن خوتەن ئارىلىقىدا پوچتا ھارۋىسى ھەيدەپ چىپەرچى بولدى. 1931-يىلى 3-ئايدا چىرىلىق ئابدۇقادىر ۋالىي ھەزرەت دېگەن كىشى بۇ ياش قارىمنىڭ بىلىم دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ئىخلاس-ئېتىقادىنىڭ مۇستەھكەملىكىدىن ناھايىتى چوڭ تەسىرلىنىپ، ئۇنى دۆڭمەدرىس(ھازىرقى چىرا ناھىيىلىك سىياسىي مەكتەپنىڭ ئورنىدا)كە مۇدەررىسلىككە تەكلىپ قىلدى. قارىم بىر يىل مىقدارى شۇ مەدرىستە تۇرۇپ چىرا تەۋەسىدىكى ئىمام ملارنى قىرائەت

بويىچە مەخسۇس تەربىيىلىدى. تەربىيىلەش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن 1932-يىلى 3-ئايدىن 1934-يىلى 9-ئايغىچە كېرىيىگە بېرىپ، نىزامىدىن داموللام دېگەن كىشىدە ئوقۇدى. يەنە چىرىغا قايتىپ كېلىپ، چىرا پوچتا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە خاتىپ بولدى. 1935-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا دامكۇ يۇناقتىكى قاسىمهاجىم دېگەن كىشى باشچىلىقىدىكى يۇرت چوڭلىرى يۇناقتا مەدرىس ئېچىپ تالىپ تەربىيىلەشنى تەلەپ قىلدى ۋە قارىم تاللىغان جايىنى مەدرىس سېلىشقا ئاجرىتىپ بەردى. مەرپەتسۆيەر قاسىمهاجىم بار تەئەللۇقاتىنى مەدرىس سېلىشقا ئاجرىتىپ بەرگەندىن باشقا 118 مو يېرىنى مەدرىسكە ۋەخپە قىلىپ بەردى. بۇ يەرنىڭ 30 موسى مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى رېمونت قىلىشقا، 12 موسى قارىمنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن بېرىلدى. جىددىي تۇتۇش قىلىش ئارقىلىق، بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا مەدرىس پۈتۈپ، 1938-يىلى رەسمىي ئوقۇش باشلىنىپ، دامكۇ مەدەنىي ھاياتى ئۈچۈن يېڭى بىر بەت ئاچتى.

ئابدۇرەھمان قارىئاخۇنۇم مەدرىس قۇرۇلۇشىنى ئۆزى لايىھىلەپلا قالماي، ياغاچچىلىق، ئاقارتىش، نەققاشلىق ئىشلىرىنىمۇ ئۆزى بىۋاستە قول سېلىپ ئىشلىدى. مەدرىس چاسا شەكىللىك بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا كۆل، كۆل ئەتراپى گۈللۈك، ئاندىن تال باراڭلىق ھويلا، بىر-بىرىگە تۇتاش سېلىنغان چوڭ قارىيخانا، كىچىك قارىيخانا، قىزلار قارىيخانىسى( قىزلار قارىيخانىسى چوڭ-كىچىك قارىيخانىلارنىڭ كەينىگە سېلىنغان بولۇپ، ئوغۇللار بىلەن ئۇچراشمايدۇ)، 29 ئېغىز ھۇجرا(ھەر بىرىدە 14 دىن تالىپ ياتاتتى)، مەسچىت، قارىئاخۇنۇمنىڭ ئۆيى، ئاشخانا قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان. قارىيخانىلار چوڭ، ئازادە، يورۇق بولۇپ، ھەر بىرىگە ئىككىدىن دېرىزە ئورنىتىلغان. قارىيخانا ئوتتۇرىسىغا مۇنبەر قويۇلغان. تالىپلار رېھلى ئورنىغا قويۇلغان چوڭ ياغاچ ئورۇندۇق ئۈستىگە كىتاب قويۇپ ئوقۇي بورا ئۈستىگە سېلىنغان جايىنامازدا تاھارەت ئېلىپ ئولتۇراتتى. مەدرىستە قۇرئان، ھەدىس، ئىلمىي مەنتىق، فىقھى، تەجۋىد قاتارلىق دەرسلەر ئاساس قىلىپ ئۆتۈلەتتى. مەدرىسنىڭ مەشغۇلاتى سائەت بويىچە ئۆلچەملىك، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلاتتى. ھەر كۈنلۈك مەشغۇلات ياز كۈنى ناماز بامداتتىن، قىش كۈنلىرى زوھۇر ۋاقتىدىن تارتىپ باشلىناتتى. نامازدىن كېيىن ھەممەيلەن ساۋاقلىرىنى تەكرارلايتتى، خەلپەتلىرى ئالدىدا ساۋىقىدىن جاۋاب بېرەتتى، يەنە يېڭى ساۋاق ئالاتتى. خەلپەتلەر ۋە يۇقىرى سەۋىيىلىك تالىپلار قارىئاخۇنۇمدىن بىۋاستە ساۋاق ئالاتتى. ساۋاق ۋاقتى ئۈچ سائەتتىن تۆت سائەتكىچە داۋاملىشاتتى. تاماقتا يېرىم سائەت قالغاندا ھەر بىر ھۇجرىدىكى نۆۋەتچى تالىپ ئالدىن چىقىپ چاي تەييارلايتتى، تازىلىق قىلاتتى. تاماق ۋاقتى بىر سائەت بولۇپ، ھۇجرىلار بويىچە كوللېكتىپ غىزالىناتتى. تاماقتىن كېيىن، كۈنلۈك ساۋاقنى ئۆگىنىش باشلىناتتى. ھەر سائەتتە بىر قېتىم دەم ئېلىش بولۇپ، بۇنىڭدا ھويلىغا ئېسىلغان كاككۇك ئاۋازلىق سائەتنىڭ سىگنالى ئاساس قىلىناتتى، يازدا تالىپلار چۈشلۈك ئىككى سائەت مەجبۇرىي ئۇخلاشقا تەشكىللىنەتتى. چۈشتىن كېيىن ئۇلار بىر سائەت ئۆز ساۋاقلىرىنى تەكرارلىغاندىن باشقا چاغدا مۇشكۇلات (ماتېماتىكا)، ئىنشا (ئىلمىي خەت) دەرسلىرىگە كوللېكتىپ قاتنىشاتتى، بۇ دەرسلەر تاكى ھەر بىر تالىپ تولۇق بىلىپ، چىرايلىق خەت يازغىچە ئۆتۈلەتتى. ئەسىر نامىزىدىن كېيىن كەچلىك تاماققا قويۇپ بېرىلەتتى. ھۇجرىلار بويىچە تاماق ئېتىپ يېيىلەتتى. شامدىن خۇپتەنگىچە چىراغ يورۇقىدا ئىككى سائەت تەكرارلاش ئېلىپ بېرىلاتتى. كەچلىكى، ھۇجرىلاردا مۇشائىرە، تېپىشماق، ھېكايە ئېيتىشىش، غاز ئويۇنى، ھۆللەر ئويۇنى، چالماچاڭ، ئۇرۇشۇش ئويۇنلىرى ئىختىيارىي ئوينىلاتتى. ھەر قېتىملىق تەبلىغ-ئەھكام ۋاقتىدا

ئىسلام دىنىغا دائىر بىلىملەر، بولۇپمۇ شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلىستان»، «بوستان» ئەسەرلىرىدىكى ئەخلاق قائىدىلىرى سۆزلەنگەندىن باشقا، قارىئاخۇنۇم ئۆزى يېزىپ چىققان «ئەدەپ-ئەخلاق قائىدىلىرى» ناملىق كىتابى تەشۋىق قىلىنىپ، تالىپلارنىڭ ھەركىتى قېلىپلاشتۇرۇلاتتى. تالىپلارنىڭ پۈتۈن يۇرت بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش، نورۇز، بارات كېچىسى، رامىزانغا چىقىش قاتارلىق پائالىيەتلىرى چەكلەنمىگەن. كۆڭۈل ئازادىلىكى تەشەببۇس قىلىنغان. مۇشۇ ئاممۇۋى پائالىيەتلەر ئىچىدە مەدرىس تالىپلىرى ئۆچۈرغان لەگلەك دامىكۇ مەدەنىي ھاياتىدا ئۆزگىچە خاسلىقى بىلەن ئالاھىدە گەۋدىلىك ئىدى.

تالىپلارنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى شۇ دەۋردىكى دامىكۇ مەدرىسلىرى ئىچىدە ئالاھىدە پەرقلىق ئىدى. ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى ئوقۇغۇچىلاردىن گۆرۈچ، ئۇن-ياغ يىغىلىپ كوللېكتىپ تاماق بېرىلەتتى. تاماقتىن ئاۋۋال قارىئاخۇنۇم تاماق ئېتىش قائىدىسىنى ۋە تەلەپلىرىنى سۆزلەپ ئۆزى تاماق ئېتىپ بېرەتتى. ئاندىن تالىپلار نۆۋەت بويىچە تاماق ئېتەتتى. ھەر قېتىملىق تاماق ئېتىش ماھارىتى باھالىناتتى. شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، تالىپلار دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەندىن باشقا، ئۇلاردىن پەيشەنبىلىك ۋە باشقا ھەق ئېلىنمايتتى. تالىپلار دامىكۇ ۋە گۈلاخمانى مەركەز قىلغان ھالدا غەربتىن قاغىلىق، شەرقتىن چەرچەنگىچە بولغان جايلاردىن كەلگەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تاماق مەسىلىسى مەدرىس قارىمىقىدىكى ۋەخپە يەر ھوسۇلى بىلەن ھەل قىلىنىپ ھەقسىز بېقىلاتتى. ياتاق، تاماق ئىشلىرىدا يىراقتىن كەلگەن تالىپلار بىلەن يېتىم-يېسىرلارغا ئالدىن ئېتىبار بېرىلەتتى. بولۇپمۇ كوللېكتىپ تاماق بېرىلىدىغان كۈنلەردە تاماقتا قوشقان خۇرۇچى يوق دەپ ھەرگىز چەتكە قېقىلمايتتى. يىراقتىن كەلگەن يېتىم-يېسىر تالىپلار توي قىلىش يېشىغا يەتكەن بولسا مۇۋاپىق جايدىن تويىنى قىلىپ، ئۇلارغا ئولتۇراق جاي، يەر بۆلۈپ بېرىلىپ، تۇرمۇشى خاتىرجەم قىلىنىپ، ئوقۇشىنىڭ نورمال داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىناتتى.

ھەر يەكشەنبە كۈنى بەدەن تازىلىقى تەكشۈرۈلەتتى. تالىپلار خالىغان چاغدا ھەر بىر ھۇجرىدا پەردە تۇتۇپ ياسالغان مۇنچىدا يۇيۇناتتى، تىرناق، چاچ-ساقاللىرىنى ئالاتتى. ئەگەر مەسىلە كۆرۈلگەنلىرى بولسا دەرھال تۈزىتىشكە بۇيرۇلاتتى. پاكىزلىق ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ بىرىنچى شەرتى سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇلاتتى. ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ياڭشى (پاتېفون) ئارقىلىق تەبلىغ-ئەھكام، قىرائەت دەرسلىرى كوللېكتىپ ئۆتۈلەتتى.

ئوقۇتۇش بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئۆز-ئۆزىنى قامداش، تالىپلارنى ھەر جەھەتتىن يېتىلدۈرۈش، باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ قالماسلىق، باشقا ئادەم قىلالىغان ئىشلارنىمۇ قىلىش، باشقىلار قىلىپ باقمىغان ئىشلارنىمۇ قىلىش — مەدرىسنىڭ ئوقۇتۇش يۆنىلىشى ئىدى. ھەر بىر ئىشلەپچىقىرىش پەسلى باشلىنىش ئالدىدا مۇناسىۋەتلىك زىرائەت تۈرلىرىنى تېرىش، پەرۋىش قىلىش، باشقۇرۇشقا دائىر تەلەپلەر ئالدىن دەرس سۈپىتىدە ئۆتۈلەتتى. ئىشلەپچىقىرىش باشلىنىش بىلەنلا تالىپلاردىن پەيتىنى چىڭ تۇتۇپ ئۆلچەملىك ئىشلەش تەلەپ قىلىناتتى. بولۇپمۇ ئۆزبېكىستاننىڭ كېۋەزنى چۈنەكلەپ تېرىش، پۈتاش، ئۈچىنى ياندۇرۇش، قوناق ئۇرۇقىنى زاغۇن يېغىدا ياغلاپ يەر يۇلۇسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىشلىرى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ، بۇ تەجرىبە 1957-يىلى يېزا بويىچە كۆرەك قىلىپ كېڭەيتىلگەن. ئوقۇغۇچىلارغا يەنە گۈل-گىياھ تېرىش، پەرۋىش قىلىش؛ قوغۇن-تاۋۇز تېرىش ۋە پەرۋىش قىلىش؛ مېغىزلىق گۈلە قورۇتۇش، ئۈزۈم باشقۇرۇش، قوغۇن-تاۋۇز، سەي-كۆكتات، مېۋە-چېۋىلەرنى

www.uyghurkitap.com

قىشتا ھۆل پېتى ساقلاش، مۇرابىا ياساش، چاي دەملەش، مېھمان كۈتۈش قائىدىلىرى ئۆگىتىلىپ، نەق مەيداندا سىناق ئېلىناتتى. قىسقىسى، دەرس بويىچە ئوقۇتۇش، تاللاپ ئوقۇتۇش، تېخنىكا ئۆگىتىش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، تالىپلاردا بەلگىلىك بىلىم، ئىقتىدار، ساپا ماس قەدەمدە يېتىلدۈرۈلگەنىدى. پەننى مەكتەپلەر قۇرۇلغاندىن كېيىن تالىپلارنىڭ پەننىيدە ئوقۇشى چەكلەنمىگەن. ھۈنەر ئۆگىنىش، ئۆزلىرى ھالال ئىشلەش، خەقنىڭ قولىغا قاراپ قالماسلىق، ئۆزگە تايىنىش ھەر بىر مۇسۇلمان ھازىرلاشقا تېگىشلىك مۇھىم شەرت سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇلغان.

بۇ مەدرىستە ھەر كۈنى ئوقۇيدىغان ئوغۇل-قىز تالىپلار 400 نەپەردىن ئارتۇق بولۇپ، بۇ مەدرىس تارىخىدا تۇنجى قېتىم قىزلار قوبۇل قىلىنىپ ئوقۇتۇلغان بىردىنبىر مەدرىس ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەدرىستە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، ئۈچ مىڭدەك تالىپ ئوقۇغان. بۇلار دامكۇ، گۇلاخما ھەتتا ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تەسىرى زور بولغان ئاممۇۋى كۈچ بولۇپ، ئەينى يىللىرى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان جىنكەشلىك، پىرىخونلۇق، چىراغچىلىق، نەزىر-چىراغ، توي-تۆكۈن ئىشلىرىدىكى ئىسراپچىلىق قاتارلىق خۇراپىي ۋە ھەشەمەتچىلىك ئادەتلىرىنى توسۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

مەدرىسنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتى ياخشى، تۈزۈملىرى مۇكەممەل بولغاچقا تاكى 1958-يىلغا قەدەر ناھىيە تەۋەسىدىكى بىردىنبىر دىنىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ دەپ ئېتىراپ قىلىنىپ، ئوقۇ-ئوقۇتۇشىنى داۋام قىلدى. شۇنىڭغىچە بولغان ئارىلىقتا دامكۇ پۈتۈناق ئامبىرى، دامكۇ كالتىيا سۇ ئامبىرىنى ياساش قاتارلىق چوڭ قۇرۇلۇشلاردا باشلامچى بولۇپ ئۈلگىلىك رول ئوينىدى. 1958-يىلدىن كېيىن بىر قىسىم تالىپلار پەننىي ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇدى. ئائىلىگە قايتقانلىرى يېزا ئىگىلىكنىڭ ھەر قايسى سەپلىرىدە ئاكتىپ قوشقۇچى، تەشكىلاتچىلاردىن بولۇپ قالدى. بۇ مەدرىستە ئىنقىلابچى ئۆزبېك شائىرى بىلال ئەزىزىمۇ ئوقۇغان. گۇلاخمالىق ئاتاقلىق تېۋىپ، تېگىق ئۇستىسى، ئۆلىما غازى قارىھاجىم، ئابدۇغوپۇرقارىي ھاجىم، ئىمامى جەئفىرى تەيران مازىرىنىڭ خاتىپى زۇنۇن قارىئاخۇنۇم، يۇنۇس قارىئاخۇنۇم، چىرا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ئۆلىما شائىر ئابدۇللا ئەزىز قارىئاخۇنۇم، ناھىيە ۋە يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىدىن ئابدۇرەھىم قارىھاجىم، مەتسابىر قارىم، كېرىيەلىك ئۆلىما جاپپار قارىھاجىم، مەشھۇر تېۋىپ مەتقۇربان قارىھاجىم، روزى قارىم، شائىر مەتقاسىم زوھۇرى قاتارلىقلارمۇ ئوقۇغان(بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالتە ئاي ئىچىدە مۇرەتتەپ قارىي بولغانلارمۇ بار). ھازىر چىرا، كېرىيە تەۋەلىكىدىكى كۆپلىگەن جامى، مەسچىتلەرنىڭ ئىمام-خاتىپلىقىنى قىلىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى پۈناق مەدرىسىدە ئوقۇغان.

مۇددەرىس ئابدۇرەھمان قارىئاخۇنۇم تاكى 1978-يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ ئىشلىدى. ئابدۇرەھمان قارىئاخۇنۇمنىڭ ئەينى يىللىرى قىزلارنى ئوقۇتۇش، دىن بىلەن پەننى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇتۇش، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ھۈنەر-تېخنىكا دەرسلىرىنى ئوقۇتۇش، ئەركىن ئوقۇتۇش، ئوقۇتۇش بىلەن دەم ئېلىشنى، مەدەنىيەت-تەنتەربىيە پائالىيىتىنى يولغا قويۇپ ئوقۇتۇشتەك بىر قاتار دېموكراتىك مەرىپەتچىل، ئىنسانپەرۋەر زامانىۋى روھقا ئىگە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى خەلقىمىز قەلبىدە يادلىنىدۇ، دامكۇ مائارىپ تارىخىدا مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

(ئاپتور: چىرا ناھىيىسىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى ھاجى ئىلياس شېن شياشى ئالەمدىن ئۆتتى



**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئاتاقلىق رەھبىرى، مەشھۇر ئىجتىمائىي پائالىيەتچى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 6- نۆۋەتلىك ھەيئەت ئەزاسى، 7-، 8-، 9- نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 4- نۆۋەتلىك مۇئاۋىن رەئىسى، 5- نۆۋەتلىك رەئىسى، 6-، 7- نۆۋەتلىك مەسلىھەتچىسى ھاجى ئىلياس شېن شياشى كېسەل سەۋەبى بىلەن 2003- يىلى 9- ئاينىڭ 22- كۈنى سائەت 21دىن 46 مىنۇت ئۆتكەندە 82 يېشىدا بېيجىڭدا ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى.

ھاجى ئىلياس شېن شياشى ۋاپات بولغاندىن كېيىن مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى ۋېن جياباۋ، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جيا چىڭلىن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەد، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خۇي لياڭيۈي، سابىق مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى سۇڭ پىڭ ۋە يەنە گەنسۇ ئۆلكىلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى، ئۆلكىلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى 20 نەچچە ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيەتلىرى تېلېفون بېرىپ ياكى تېلېگرامما يوللاپ، شېن شياشى ئاقساقالنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈردى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن ھال سورىدى.

ئىلياس شېن شياشىنىڭ ئەسلى يۇرتى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ نەنجىڭ شەھىرى بولۇپ، خۇيزۇ، 1921- يىلى 2- ئاينىڭ 12- كۈنى شاڭخەيدە تۇغۇلغان. شاڭخەي شەھىرىدە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتناشقان. 1938- يىلى يەنئەنگە بېرىپ شىمالىي شەنشى ھۆكۈمەت مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1939- يىلدىن 1947- يىلغىچە، خاس ۋەكىل سۈپىتىدە، شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ چۈيزى، پىڭلياڭ، چىڭشۈي، جاڭ جياچۈەن رايونلىرىدا يەر ئاستى ئىنقىلابى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن داۋاملىق گەنسۇ ئۆلكىسىدە ئىشلەپ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن ۋە 1949- يىلى ''چوڭ غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش شەرەپ ئوردېنى'' غا ئېرىشكەن. ئازادلىقتىن كېيىن، چىڭشۈي ناھىيىسىگە ھاكىم بولغان ۋە لىنشيا خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا ئوبلاست باشلىقى بولغان. 1965- يىلدىن 1967- يىلغىچە گەنسۇ ئۆلكىلىك پىلان كومىتېتىغا مۇئاۋىن مۇدىر بولغان. 1971- يىلى گەنسۇ ئۆلكىلىك گېئولوگىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مۇۋەققەت باشلىقى بولغان. 1978- يىلى بېيجىڭغا يۆتكىلىپ كېلىپ، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا مۇئاۋىن مۇدىر بولغان. 1980- يىلى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە مۇئاۋىن رەئىس، 1987- يىلى رەئىس، قوشۇمچە جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1980- يىلدىن باشلاپ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 4- نۆۋەتلىك ھەيئەت ئەزاسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن 5-، 6- نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولغان.

ئىلياس شېن شياشى كېسىلى ئېغىرلىشىپ دوختۇرخانىدا ياتقان مەزگىلدە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بەي لىچېن، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ ۋېيچۈن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن قاتارلىق رەھبەرلەر ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باشلىقلىرى دوختۇرخانىغا بېرىپ يوقلىدى.

ئىلياس شېن شياشىنىڭ جەستى بىلەن ۋىدالىشىش مۇراسىمى 9- ئاينىڭ 25- كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لىۋ يەندۇڭ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بەي لىچېن، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ ۋېيچۈن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ، مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار، مەركەز ۋە بېيجىڭ شەھىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرى ۋىدالىشىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ۋە شېن شياشى ئاقساقالنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىدىن ھال سورىدى. ۋىدالىشىش مۇراسىمىدىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ ئادىتى بويىچە جىنازا نامىزى چۈشۈرۈلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى، بېيجىڭ شەھىرىدىكى مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرى ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى بولۇپ 700 دەك ئادەم جىنازا نامىزىدا تۇردى. جىنازا نامىزىدىن كېيىن ئىلياس شېن شياشىنىڭ جەستى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا بېيجىڭ شەھەرلىك مۇسۇلمانلار قەبرىستانىغا دەپنە قىلىندى.

ئىلياس شېن شياشى ياش ۋاقتىدا تالىپ بولغان، «قۇرئان كەرىم» قاتارلىق دىنىي كىتابلارنى ھەر دائىم ئوقۇپ، تەتقىق قىلىپ كەلگەن ۋە غەربىي شىمال مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ''شېن ئاخۇن'' دېگەن ھۆرمەت نامىغا ئىگە ئىدى. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقان 60 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئىنقىلابىي كۈرەش ئىرادىسى ۋە ۋەتەننى، دىننى سۆيۈشتەك قەتئىي ئېتىقادىدا باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرۇپ كەلگەن؛ ئۇ توغرا ئىستىللىق، ئوچۇق-ئاشكارا، سەممىي-ساداقەتلىك بىر زات ئىدى؛ ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، دىن، مائارىپ، دىپلوماتىيە ۋە ئىلمىي-مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، مەملىكىتىمىز ئىسلامىيەت ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقانىدى.

www.uyghurkitap.com

## سادىق قارى ھاجىم ۋاپات بولدى

ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات، جامائەت ئەربابى، داڭلىق ئۆلىما، قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ خاتىپى سادىق قارى ھاجىم 2003-يىل 8-ئاينىڭ 29-كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 70 يېشىدا قەشقەر شەھرىدە ۋاپات بولدى.

سادىق قارى ھاجىم پەيزاۋات ناھىيىسىدىن بولۇپ، 1933-يىلى تۇغۇلغان، باللىق چاغلىرىدا ئۆز يۇرتىدا دىنىي بىلىم تەھسىل قىلغان، 1947-يىلدىن 1956-يىلغىچە قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇپ يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغان، 1980-يىلدىن بىرى قەشقەر شەھرىدە ئىمام، خاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن ھەمدە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، 8-، 9-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى دىنىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك، قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. سادىق قارى ھاجىم ئەخلاق-پەزىلەت ۋە ئىلىم جەھەتلەردە يېتىشكەن، ئۇ ئۆزىنى ئۆمۈر بويى پاك تۇتۇپ كەلگەن، مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە تولۇق قاتنىشىپ، ھۆكۈمەتكە ھەمكارلىشىپ پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا، توغرا كەسىپ بىلەن باي بولۇشقا، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىنى ئاددىي-ساددا قىلىشقا يېتەكلەپ، كەڭ ئاممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن. 8-ئاينىڭ 29-كۈنى (جۈمە كۈنى)قەشقەر ھېيتگاھ جامەدە نەچچە مىڭ مۇسۇلمان ئاممىسى مەرھۇمنىڭ جىنازا نامىزىغا قاتناشتى. سادىق قارىي ھاجىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى(دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى ۋە قوشنا ۋىلايەت، ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيەتلىرى تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى ۋە مەرھۇمنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتىدىن ھال سورىدى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە، قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ ئائىلە-تاۋابىئاتىنى يوقلىدى، 8-ئاينىڭ 30 -كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسرىدىن، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى(دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى رىشىت نىياز قاتارلىق رەھبەرلەر ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن مەخسۇس قەشقەرگە كېلىپ مەرھۇمنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتىنى يوقلىدى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

## بەدرىدىن مەخسۇم ھاجىم ئالەمدىن ئۆتتى

ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات، جامائەت ئەربابى، داڭلىق ئۆلىما، قەشقەر مارالبېشى جامەسىنىڭ خاتىپى بەدرىدىن مەخسۇم ھاجى 2003-يىلى 10-ئاينىڭ 28-كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 80 يېشىدا مارالبېشى ناھىيىسىدە ۋاپات بولدى. بەدرىدىن مەخسۇم ھاجى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناھىيىسىدىن بولۇپ، 1923-يىلى تۇغۇلغان، باللىق چاغلىرىدا ئۆز يۇرتىدا ۋە مارالبېشى ناھىيىسىدە دىنىي بىلىم تەھسىل قىلغان، 1940-يىلدىن 1953-يىلغىچە قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇپ يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغان ھەمدە قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىدە دىنىي ۋەزىپە ئۆتىگەن، 1953-يىلدىن بېرى مارالبېشى ناھىيىسىدە ئىمام، خاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن ھەمدە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مارالبېشى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. بەدرىدىن مەخسۇم ھاجىم ئەخلاق-پەزىلەت ۋە ئىلىم جەھەتلەردە يېتىشكەن زات ئىدى، مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە تولۇق قاتنىشىپ، ئاممىنى نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا، توغرا كەسىپ بىلەن باي بولۇشقا يېتەكلەپ، كەڭ ئاممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن. 10-ئاينىڭ 28-كۈنى(سەيشەنبە)مارالبېشى جامەسىدە نەچچە مىڭ مۇسۇلمان ئاممىسى مەرھۇمنىڭ جىنازا نامىزىغا قاتناشتى. بەدرىدىن مەخسۇم ھاجىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى، مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى ۋە مەرھۇمنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتىدىن ھال سورىدى. ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ يوقلىدى ھەمدە ھال سوراش بۇيۇمى تەقدىم قىلدى. مارالبېشى ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ، ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتىنى يوقلىدى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى، مارالبېشى ناھىيىلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)

## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

★10-ئاينىڭ 17-كۈنى **خوتەن** ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 3-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 3-سانلىق ئومۇمىي ئەزالار يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى، دىنىي زاتلار ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملاردىن بولۇپ 160 تىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابدۇلتىپ داموللا ھاجىمنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن، مۇئاۋىن رەئىس ئابلىز قارىم ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 3-نۆۋەتلىك 2-سانلىق ئومۇمىي ئەزالار يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەتلىرىدىن دوكلات بەردى. يىغىن ئاخىرىدا ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ۋىلايەتلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مەتنىياز روزى سۆز قىلىپ ھەيئەت ئەزالىرىدىن. ئۆزلىرىنىڭ ئامما بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈكلۈك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تۈزۈپ تارقاتقان «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر»نى جامائەتكە ياخشى تەبلىغ قىلىپ، دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە پائال ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتا ئۆزلىرىنىڭ باشلامچىلىق، ئۈلگىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. (ھېبىبۇللا مەتسەيدى)

★ **تۇرپان** ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 3-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 4-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى2003-يىل 9-ئاينىڭ 25-كۈنى ئېچىلدى. يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ۋە ھەيئەت ئەزالىرى بولۇپ 26 كىشى قاتناشتى. يىغىندا ئاپتونوم رايوندا ئېچىلغان ۋەز-تەبلىغ سۆزلەش تەجرىبىلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق خىزمەتلىرى خۇلاسىلەندى ۋە كېيىنكى يېرىم يىللىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە جۈمە مەسچىتلىرى ئاماراتلارنى يوقلاش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

(شاھمەردان ئىمىنىياز)

★ **قاغىلىق** ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 3-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىنغا ناھىيە تەۋەسىدىكى 20 يېزا(بازار)دىن كەلگەن 130 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەتلەر خۇلاسىلەندى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. سايلام ئارقىلىق يېڭى نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 65 نەپەر ھەيئەت ئەزاسى، 25 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى، ئابلەت ئابدۇۋايىت رەئىسلىككە ، ئابلىز پازىل، مۇھەممەت ھېكىم ياسىن، مەمەت سادىق، مۇھەممەت ئۆمەر قۇددۇس مۇئاۋىن رەئىسلىككە، مەمەتئىمىن ئابدۇرېھىم باش كاتىپلىققا سايلاندى. (ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد، سىدىق تۇردى)

★**قەشقەر** يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 2- قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 2003-يىل 10-ئاينىڭ 21-، 22-كۈنلىرى يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە ئېچىلدى. يىغىنغا 150تىن ئارتۇق ۋەكىل ۋە ناھىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرى قاتناشتى، ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى، مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى، قوشنا ناھىيە(شەھەر)لىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. يىغىندا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابلىكىم مەخسۇم ھاجىم خىزمەت دوكلاتى بەردى، ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ئەنۋەر تۇرسۇن يىغىندا سۆز قىلدى. يىغىندا دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق بۇ نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 41 نەپەر ھەيئەت ئەزاسى، 13 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى: ئابلىكىم مەخسۇم ھاجىم رەئىسلىككە، ئىبراھىم قارى ھاجىم، ئۆمەر ئادىل قارىم مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ئەسقەر ئابدۇغوپۇر باش كاتىپلىققا سايلاندى. (ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد، زۇنۇن ھاجى)

## ئىسلام مائارىپى

★**قەشقەر** ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپى 2003-يىل 8-ئاينىڭ 28-كۈنى 14-قارارلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى، بۇ قېتىم قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 50 نەپەر بولۇپ، ئۇلار ۋىلايەتنىڭ 12 ناھىيە(شەھەر)لىرىدىكى چەت، يىراق جايلاردىكى ئىمامى يوق مەسچىتلەرگە ئوقىتىلىق تەربىيىلەپ بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوقۇش مۇددىتى 3 يىل بولۇپ، بۇ جەرياندا %70دىنىي دەرس، %30سىياسەت، قانۇن دەرسلىرى ئوقۇتىلىدۇ.

(ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد)

★**قىزىلسۇ** قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دىنىي مەكتەپنىڭ 5-قارارلىق تالىپلىرىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى 2003-يىلى 10-ئاينىڭ 30-كۈنى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا ئوبلاستلىق بىرلىكسەپ بۆلۈمى، مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى. بۇ قارارغا ۋەتەننى، دىنىنى سۆيىدىغان، تېنى ساغلام، تولۇقسىزدىن يۇقىرى ئوقۇش مەلۇماتىغا ئىگە 18 ياشتىن 25ياشقىچە، تۇيى قىلمىغان، ئۇيغۇر، قىرغىز مىللىتىدىن تەركىب تاپقان 45 نەپەر تالىپ قوبۇل قىلىندى.

(قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى)

★**يەكەن** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان، 2002-يىلى 11-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن 2003-يىل 7-ئاينىڭ 15-كۈنىگىچە داۋام قىلغان، 100 نەپەر كۇرسانت قوبۇل قىلىنغان 16-قارارلىق ئىسلام دىنى ئىز باسارلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى 7-ئاينىڭ 15-كۈنى ئوقۇش تاماملاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مۇراسىمغا مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە كۇرسانتلار بولۇپ 200 كىشى قاتناشتى. مۇراسىمدا 95 كۇرسانتقا ئوقۇش تاماملاش گۇۋاھنامىسى، 91 كۇرسانتقا دىنىي ۋەزىپە ئۆتەش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى ھەمدە 13 نەپەر ئۆچتە ياخشى ئوقۇغۇچى ۋە 4 نەپەر سىنىپ كادىرى تەقدىرلەندى.

(ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد)

★**يوپۇرغا ناھىيىسى** ئايال مېيىت يۇغۇچىلارنىڭ كەم بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ناھىيە بويىچە ھەر قايسى يېزا(بازار)لارنى بىرلىك قىلىپ كۇرس ئېچىپ، 205 نەپەر غەسسالە(ئايال مېيىت يۇغۇچى)نى تەربىيىلەپ چىقتى.

(ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد)

★**قاغىلىق** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2003-يىل 7-ئاينىڭ 17-كۈنى قاغىلىق دىنىي بىلىم كۇرسىدا تەربىيىلىنىۋاتقان 20 كىشىنى قاتناشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ مىللەتلەر، دىن سىياسىتى، قانۇن نىزاملىرى، ھەدىس، قىرائەت، تەپسىر قائىدىلىرىگە دائىر بىلىملەر بويىچە زېھىن سىناش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. نەتىجىدە پائالىيەتكە قاتناشقانلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

نىسبىتىنىڭ 100%كە يەتكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.
(سىدىق تۇردى)

★**خوتەن ناھىيىسى** جايلاردىكى غەسسالىلەر كەم بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 8-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 22-كۈنىگىچە غەسساللەرنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا ھەر قايسى يېزا(بازار)دىن كەلگەن 33 ئايال قاتناشتى.
(ھېبىبۇللا مەتسەيدى)

★**لوپ ناھىيىسى** ئاممىنىڭ غەسسالە كەمچىل بولۇشتەك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 7-ئاينىڭ 28-كۈنىدىن 30-كۈنىگىچە چاھارباغ يېزىسىدا غەسسالە تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا 85 ئايال قاتناشتى. (ھېبىبۇللا مەتسەيدى)

★**بىگتۇمن يېزا ئىگىلىك 3-دېۋىزىيە** پەيزاۋات باش مەيدان دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش كومىتېتى، 2003-يىل 8-ئاينىڭ 8-كۈنى تۈنجى بولۇپ، دەپنە مۇراسىمىنى قېلىپلاشتۇرۇش بويىچە كۇرس ئاچتى. كۇرسقا 28 نەپەر ئىمام ۋە بۇۋى قاتناشتى. كۇرستا دەپنە مۇراسىمىغا دائىر بىلىملەر ئۆگىتىلدى ھەمدە نۆۋەتتە دەپنە مۇراسىمى ئىشلىرىدا يۈز بېرىۋاتقان ناتوغرا ئىللەتلەرنى تۈگىتىش، ئاددىي-ساددا ئىش قىلىش توغرىسىدا تونۇش بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. (مۇھەممەد ئىمىن قۇربان)

★**كونىشەھەر** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2003-يىل 8-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن 17-كۈنىگىچە 1-قارارلىق غەسسالە(ئايال مېيىت يۇغۇچى)لەرنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، 80 نەپەر كۇرسانت قاتناشتى. ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى زۇنۇن قارى ھاجىم قاتارلىق دىنىي زاتلار مېيىت يۇيۇش قائىدىسى، ئۇسۇلى، تەرتىپى، كېپەنلەشكە دائىر ئاساسىي بىلىملەردىن دەرس سۆزلىدى. بىر ھەپتە دەرس ئاڭلاش ۋە ئەمەلىي مەشغۇلات ئارقىلىق كۇرسانتلار ياخشى تەربىيىلەندى. بۇ ناھىيە يەنە 2 قارار مۇشۇنداق كۇرس ئاچماقچى.
(ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد)

## تۆھپىكار دىنىي زاتلار

★**يەكەن ناھىيە** خاگدى بازارلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى **نىياز داموللا ھاجى** سەپەرۋەرلىكىدە **ھەسەن سادىق ھاجىم، ياسىن روزى** ۋە **ئابدۇللا مۇقىم ھاجىم** قاتارلىق 67 نەپەر دىنىي زات ھەمكارلىشىپ، بۇ يىل 7-ئاينىڭ 10-كۈنى تاغارچى باشلانغۇچ مەكتەپىنىڭ قۇرۇلۇشىغا 10 مىڭ 500 يۈەن ئىئانە قىلدى. (ئابدۇراخمان نۇرمەھەممەت)

★**يەكەن ناھىيە** ئېلىشقۇ بازار بەشقۇدۇق 12-كەنتى 1-مەھەللىدىكى ئالدىن بېيىغان دىنىي زات **ئابدۇراخمان ئىبراھىم** ۋە ئېلىشقۇ بازار چىلانغۇ 9-كەنتى 2-مەھەللىدىكى ئالدىن بېيىغان دىنىي زات **ھەسەن يۈسۈپ** ئۆز تەۋەسىدىكى مەكتەپلەرگە ئايرىم-ئايرىم 3000 يۈەندىن نەق پۇل ئىئانە قىلدى. (ئۆمەرجان مۇھەممەد)

★**مارالبېشى ناھىيە** ئاۋات بازىرىدىكى دىنىي زات، 10-كەنت 1-مەھەللە جۈمە مەسچىتىنىڭ خاتىپى **ھېلىم موشۇر** دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن ئالدىن بېيىغان كىشى بولۇپ، بۇ يىل 9-ئايدا ئۆز يېنىدىن 2000 يۈەن پۇل ۋە كېتەرلىك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى چىقىرىپ، 7-كەنت بىلەن 10-كەنت ئوتتۇرىسىدىكى غول ئۆستەڭنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەن كۆۋرۈكىنىڭ ئورنىغا بېتون قۇرۇلمىلىق بىر كۆۋرۈك سالدۇرۇپ بەردى. (ئەنۋەر تۇردى)

★**قاغىلىق** ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، تېتر يې شۆبە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، تېتر يېزا چاچباغ 5-كەنتى جۈمە مەسچىتىنىڭ خاتىپى **ھەمدۇللا مەتىيار** ئۆزگىچە يول تۇتۇپ، گۈلچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغاندىن كېيىن، ''بىر گۈل ئېچىلسا بولماس باھار، ھەممە گۈل تەكشى ئېچىلسا بولىدۇ باھار'' روھى بىلەن باشقا دېھقانلارنىڭمۇ گۈلچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشىغا نەزەربىيە، ئەمەلىيەت ۋە ماددىي جەھەتتىن ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ گۈلچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇردى. نەتىجىدە ھازىر گۈلچىلىك كەسپىي ئائىلىسى 30 غا يېتىپ، ھەر بىر ئائىلىنىڭ گۈلچىلىكتىن كەلتۈرگەن يىللىق ساپ كىرىمى 1200 يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى.
(سىدىق تۇردى، تۇرانقىز ياسىن)

★**قاغىلىق ناھىيىلىك** ناھىيە چوپان يېزا ئازغانتال كەنت 3-مەھەللىدىكى دىنىي زات **ھېبىبۇللا زوردۇن** بۇ يېزىدىكى خەلق دوختۇرخانىسىغا 600 يۈەنلىك ئوتۇن، بىر تۇل ئايالغا 150 يۈەن داۋالىنىش پۇلى، يېزىلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە 100 يۈەنلىك ئوتۇن ياردەم قىلدى. (مۇساجان ياسىن)

★**مەكىت ناھىيە** مەكىت بازىرى شۆبە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى **ئابلا قارىھاجى ئوسماننىڭ** باشچىلىقىدا بازار ئىچىدىكى دىنىي زاتلار 2003-يىلى 8-ئاينىڭ 5-كۈنى 4000 يۈەن پۇل يىغىپ، دولان دەرياسى بويىدا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش سېپىدە كېچە-كۈندۈز جاپالىق ئىشلەۋاتقان ھەر مىللەت ئاممىسىغا نان، سامسا، قوغۇن-تاۋۇز، ھەر خىل مېۋە شەربىتى، پىشۇرۇلغان گۆش ئېلىپ بېرىپ ھال سورىدى. (توختى ئاۋۇت)

★**قاغىلىق** ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، بارىن يېزىلىق شۆبە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈلگىلىك دىنىي زات **مەمەت سادىق** قاتارلىق 63 كىشى 2003-يىلىنىڭ باشلىرىدىن 7-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، مائارىپ ئىشلىرى ۋە نامراتلارغا يار-يۆلەكتە بولۇش ئىشلىرى ئۈچۈن جەمئىي 51 مىڭ 200 يۈەن نەق پۇل، 17 مىڭ 200 كىلوگرام ئاشلىق، 14 مىڭ 500 كىلوگرام كۆمۈر، 424 قۇر كىيىم-كېچەك قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى ئىئانە قىلدى.
(سىدىق تۇردى)

★**يوپۇرغا ناھىيە** تېرىم يېزا 11-كەنت جۈمە مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى **ئابدۇمۆمىن ھاجى** 70 ياشلاردىن ئاشقان بولسىمۇ، غەيرەت-شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي، تىرىشچان ئادەم بولۇپ، باغ-ئورمانچىلىققا دائىر يېڭى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىمۇ ئۇنى ئۆگىنىشكە يېتەكلىدى ۋە 5 نامرات ئائىلىگە 1500 كىلوگرام ئاشلىق، 1000 يۈەن نەق پۇل ياردەم قىلدى، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە مەبلەغ قىيىنچىلىقى بارلارغا 6000 يۈەن پۇل، 2500 كىلوگرام ئۇرۇقلۇق، ئاشلىق قاتارلىقلارنى ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ تۇردى. 200 يۈەنگە توك سائىتى ۋە سىم سېتىۋېلىپ، 10 ئائىلىگە توك تارتىپ بەردى. 1200 تۈپ مېۋىلىك كۆچەتنى كىشىلەرگە ھەقسىز بەرگەندىن باشقا، 45 ئائىلىنىڭ 35 مو يېرىدىكى 1000 تۈپتىن ئارتۇق كۆچەتنىنى ھەقسىز ئۇلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ باغ ئەھيا قىلىشىغا مەدەت بەردى.
(سادىر سابىر)

★ **يېڭىشەھەر ناھىيە** يېڭىئېرىق يېزا يۇقىرىقى يېڭىئېرىق 7-كەنت جۈمە مەسچىتىنىڭ خاتىپى **ئابدۇرېھىم سېلىم** بولتۇردىن

بۇيان كەنت جۈمە مەسچىتىگە 500 يۈەن ياردەم قىلدى.

(غوپۇرجان ياقۇپ)

★**يېڭىشەھەر ناھىيە** خانئېرىق بازىرى سىگىلىق 3-كەنت جۈمە مەسچىتىنىڭ خاتىپى **ئىزىز قادىر قارىم** بۇلتۇر كەنت مەكتىپىگە 500يۈەن ياردەم قىلغانىدى، بۇ يىل ئۆز كەنتى ۋە بازار تەۋەسىدىكى 13 نەپەر نامرات ۋە يېتىم كىشىگە 2000كىلوگرام بۇغداي ياردەم قىلدى، كەنت جۈمە مەسچىتىگە 800 يۈەن چىقىرىپ گىلەم ۋە 20 تاشتەك گۈل ئېلىپ بەردى.

(غوپۇرجان ياقۇپ)

★**پەيزاۋات ناھىيە** قىزىلبويى يېزىسىدىكى **ئابلەھەت مەخسۇم، مىجىت ئابلىز** قاتارلىق 172 دىنىي زات بۇلتۇر 2-ئايدىن بۇ يىل 8-ئاينىڭ 13-كۈنىگىچە بۇ يېزىدىكى ’’بەشتە كاپالەتلىك‘‘ نامرات ئائىلىلەرگە، مېيىپ-ئاجىزلارغا، يېتىم-يېسىرلارغا، يەر تەۋرەشتە ئۆيلىرى ئېغىر زىيانغا ئۇچراپ، قايتا ئۆي سېلىشتا قىينىلىپ قالغان دېھقانلارغا جەمئىي 2716 يۈەن نەق پۇل، 1760 كىلوگرام ئاشلىق، 117 قۇر كىيىم-كېچەك،510كىلوگرام سەي-كۆكتات ياردەم قىلدى. بۇ يېزىنىڭ 33-كەنت، 4-مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق دىنىي زات **پېقىر ئىسمائىل** ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك قىلىپ بېيىغاندىن كېيىن، بۇلتۇر 1-ئايدىن بۇ يىل 8-ئاينىڭ 13-كۈنىگىچە نامرات، مېيىپ، يېتىم قېرىنداشلىرىغا ۋە كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە جەمئىي 1368 يۈەن قىممىتىدە 180كىلوگرام ئاشلىق، 10قۇر كىيىم-كېچەك، 169تۈپ ئۈزۈم كۆچىتى، بەش دانە مەش-كاناي... قاتارلىق ماددىي نەرسىلەرنى ئىئانە قىلدى.

(مەخەت ھامۇللا)

★**شايار ناھىيە** قىزىلبايراق بازىرى لەڭگەر مەسچىتىنىڭ ئىمامى ۋە خاتىپى **ئابلا سۇلايمان** ئۆزى باشلامچى بولۇش، جامائەتنى سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق نامرات، مېيىپ، يېتىملارغا شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارغا جەمئىي 1000 يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇل، مىڭ يۈەن قىممىتىدە 2000 جىڭ ئاشلىق ياردەم قىلغاندىن باشقا، بۇ يىل يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلانغاندا ئۆزى كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى 9 نەپەر نامرات، يېتىم ئوقۇغۇچىغا 745 يۈەن پۇل، 200 ئوقۇغۇچىغا 700 يۈەن قىممىتىدە 200جۈپ ئاياغ تارقىتىپ بەردى.

(تاھىرجان نىياز)

★**تۇرپان** شەھىرىدىكى دىنىي زاتلار بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان شەھەر تەۋەسىدىكى نامرات، ئىگە-چاقىسىز 200دىن ئارتۇق ئائىلىگە 600كىلوگرام كالا-قوي گۆشى، 200كىلوگرام چىگىت ماي، 70 خالتا ئۇن، 30تونىنا كۆمۈر، 12مىڭ 350يۈەن قىممىتىدە نەق پۇل ۋە كىيىم-كېچەك ياردەم قىلدى؛ يېزىلارنىڭ يول قۇرۇلۇشىغا 10 مىڭ يۈەن، سارس كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن 7مىڭ يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى. يەنە بۇ شەھەرگە قاراشلىق دىنىي زاتلارنىڭ باشچىلىقىدا 160جۈپ قىز-يىگىتنىڭ تويى يېڭىچە ئۆتكۈزۈلدى، 316كىشىنىڭ مېيىت نامىزى خالىس چۈشۈرۈلدى. 530تىن ئارتۇق نەزىر-چىراغ ئاددى-ساددا ئۆتكۈزۈلدى. (شاھىمەردان ئىمىننىياز)

★**پىچان** ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن بازىرىدىكى دىنىي زاتلار بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان بازاردىكى نامرات يېتىم-يېسىرلارغا 17مىڭ 121 يۈەن قىممىتىدە نەق پۇل، ئۇن، كۆمۈر قاتارلىق لازىمەتلىك، مائارىپقا 2000يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى.

(تاھىرجان قادىر)

★**پىچان** ناھىيىسىنىڭ تۇيۇق يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار نامرات يېتىم- يېسىرلارغا 2710 يۈەن نەق پۇل، 3650يۈەن قىممىتىدە لازىمەتلىك، پۇلسىزلىقتىن داۋالىنالمىغان بىر بىمارغا 2000يۈەن نەق پۇل، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىكى ئاممىغا 3000يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى. (تاھىرجان قادىر)

★**پىچان ناھىيە** لۈكچۈن بازىرى تۆگمەنبويى كەنتى ئۈچتۆگمەن مەسچىتىنىڭ ئىمامى **ئابلىكىم ئىسمائىل** يېقىندا مائارىپقا 1000 يۈەن ئىئانە قىلدى. (كېرەم روزى)

★**پىچان ناھىيە** لۈكچۈن بازىرى تۆۋەن مەھەللە كەنتى 2-مەھەللە ئەزاسى، مىرزا مەسچىتىنىڭ ئىمامى **ئارىپ يۈسۈپ** يېقىندا كەنتتىكى نامرات، ئاجىزلارغا 1000يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى. (كېرەم روزى)

★**50-تۇەندىكى** دىنىي زات **مەخمۇت قارىم** نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۇلى، كىيىم-كېچىكى ئۈچۈن ئۇدا ئۈت يىل، يىلدا 1500 يۈەندىن جەمئىي 6000يۈەن ئىئانە قىلدى.

(رەيھانگۈل تۇراق، ئوبۇل موللاق)

## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

★**ئونسۇ ناھىيە** جام بازىرىدىكى تامچى **مۇختەرجان ئۇستام** ھالالدىن پۇل تېپىپ بېيىغان 9 يىلدىن بۇيان يۇرت ھەم قېرىنداشلىرىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىدى، 2002-يىلى بازارلىق 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يېڭىدىن سېلىنغان سىنىپ قۇرۇلۇشىغا 46مىڭ 500يۈەن، شۇ يىلى قىشتا بازارلىق خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپكە 1890يۈەنلىك 7 تونىنا كۆمۈر ئىئانە قىلدى؛ ئۆز مەھەللىسىدىكى ئائىلىسى نامرات 10ئوقۇغۇچىنىڭ 2002-يىلدىن 2007-يىلغىچە بولغان بارلىق ئوقۇش خىراجىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى؛2002-يىلى قوشنا مەھەللە مەسچىتىگە 1200 يۈەنلىك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ياردەم قىلدى؛ شۇ يىلى كونا جام بازار چوڭ مەسچىتى بىلەن يېڭى جام بازار چوڭ مەسچىتى ئۈچۈن ئايرىم-ئايرىم 500يۈەن ۋە 300 يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى؛ 2003-يىلى ئۆز يېنىدىن 34مىڭ 560 يۈەن چىقىرىپ، ئۆز مەھەللە مەسچىتىنى يېڭىلاپ سېلىپ بەردى. 2002-، 2003-يىل قىش ۋە ئەتىيازدا جەمئىي 3765 يۈەنلىك ئۇن-گۈرۈچ، گۆش-ياغ ۋە كۆمۈر سېتىۋېلىپ، ئۆزى تۇرۇشلۇق بازار ۋە كەنتتىكى نامرات 46 ئائىلىگە تارقىتىپ بەردى. (ئابابەكرى خوجا)

★**يېڭىشەھەر ناھىيە** يېڭىئېرىق يېزا يۇقىرىقى يېڭىئېرىق 7-كەنت 5-مەھەللىدىكى يەككە تىجارەتچى **ئىسمائىل ئىمىن** 2001-يىلدىن بۇيان ئۆز كەنتىدىكى نامراتلارغا 5000يۈەن قىممىتىدە ئاشلىق، كىيىم-كېچەك ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى ياردەم قىلدى. ئۇ 2000-يىلى كەنت جۈمە مەسچىتىنىڭ ئۈستىنى يېپىش ئىشلىرىغا 25مىڭ يۈەن قىممىتىدە ياغاچ ماتېرىياللىرى ياردەم قىلغانىدى. (غوپۇرجان ياقۇپ)

★**يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە 50-تۇەن** مىللىي مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار مېھىر-شەپقەتنى مېيىپ ئۇسمۇرلەرگە بېغىشلاپ، يېقىندا 1000يۈەن ئىئانە توپلاپ، مېيىپ ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم قىلدى. (رەيھانگۈل تۇراق، ئوبۇل موللاق)

★**50-تۇەن** مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى **تۇرغۇن ھاشىم** ئوقۇش پۇلى تۆلىيەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارغا پۇل ئىئانە قىلىشنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئوقۇش پۇلى تۆلىيەلمىگەن 22 ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش راسخوتىنى ھەل قىلىپ بەردى. (رەيھانگۈل تۇراق، ئوبۇل موللاق)

★**بىگتۇەن يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە** 51-تۇەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەرىپەتپەرۋەر ئۆلىما — داموللا قاسىم ھاجىم.........................يۈسۈپجان سەمەت ئەفىفىي(3.37)
ئىجتىھاتلىق تۆھپىكار ئالىم — مۇھەممەد سالىھ داموللا.........................ئادىل تۇنىياز(3.34)
پەرزەنت تەربىيىلەش ئاتا-ئانىلارنىڭ ئەڭ مۇھىم مەجبۇرىيىتىدۇر.........................خىلىل ھۇسەن(قىرغىز)(3.40)
پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا-ئانىسىنى ھۆرمەتلىشى توغرىسىدا.........................ئابدۇللا ماموت(3.42)
ئاتا-ئانىنى قەدىرلەش ۋە ھۆرمەتلەش ھەر بىر پەرزەنتنىڭ مەجبۇرىيىتى.........................ئابدۇغېنى ئابدۇۋەلى(4.38)
ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى توغرىسىدا.........................سادىق قارىم(4.42)
يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدە «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىف بايانلىرى ۋە سارىس كېسىلى.........................ئابدۇرېقىپ داموللا ھاجى(2.46)
ئىسلام دىنىنىڭ ساقلىقنى ساقلاش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەندىزىلىرىگە بىر نەزەر.........................خېي باۋشۇ، لىۇ خوگجۇن(3.44)
ئىنسانىيەتنىڭ ھالاكەت يولى — ئەيدىز كېسىلى.........................ئۆمەر ئادىل ئابدۇرېھىم(3.49)

## قىرغىزچە «قۇرئان كەرىم»نىڭ نەشر قىلىنغانلىقىغا مۇبارەك

*ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:* جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 2-، 3- نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، 4-، 5-، 6- نۆۋەتلىك مۇئاۋىن رەئىسى، ھازىرقى مەسلىھەتچىسى، ئاتاقلىق جامائەت ئەربابى، ئىسلام ئالىمى ۋە تىلشۇناس، 88 ياشلىق پېشقەدەم قىرغىز ئۆلىما ھۇسەيىن داموللا ھاجىم 30 نەچچە يىل جاپالىق ئەجىر قىلىپ تەرجىمە قىلىپ چىققان قىرغىزچە«قۇرئان كەرىم» جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ قوللىشى بىلەن بۇ يىل 5-ئايدا مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ ھازىر رەسمىي تارقىتىلدى. بۇ مەملىكىتىمىزدە ئەرەبچە، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە«قۇرئان كەرىم»نەشر قىلىنغاندىن كېيىن نەشر قىلىنغان بەشىنچى خىل تىلدىكى «قۇرئان كەرىم» بولۇپ، مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى، جۈملىدىن قىرغىز مۇسۇلمانلىرى تۇرمۇشىدىكى يەنە بىر خۇشاللىق ئىش. شۇنداقلا، مەملىكىتىمىز دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ يەنە بىر كونكرېت نامايەندىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھۇسەيىن ھاجىم بۇ «قۇرئان كەرىم»نى ئەرەبچە «قۇرئان كەرىم»تەفسىرلىرى ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ تۈركچە، ئۇيغۇرچە، ئۆزبېكچە، قازاقچە، تاتارچە، خەنزۇچە قاتارلىق تەرجىمە نۇسخىلىرىدىن پايدىلىنىپ، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھىي بىلەن ساپ قىرغىز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. تەرجىمە ئۇرگىنالىنى قىرغىز تىلشۇناس، ئالىي مۇھەررىر مەكىلەك ئەپەندى چوڭقۇر ھېسسىيات ۋە ئىلمىي روھىي بىلەن تىل نۇقتىسىدىن تەپسىلىي تەھرىرلەپ چىققان ھەمدە يۈسۈپ ماماي قاتارلىق قىرغىز ئىسلام ئۆلىمالىرىنى يىغىپ تەپسىلىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ بۇ تەرجىمە نۇسخىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن. بولۇپمۇ بۇ نۇسخىنىڭ ئاخىرىدا، قۇرئاندا ئۇچرىغان مۇھىم شەخسلەر، ۋەقەلەر ھەققىدە ئىزاھات بېرىلىشتىن سىرت، «قۇرئان كەرىم»دىكى كونكرېت مەزمۇنلار توغرىسىدا ھەرپ تەرتىپى بويىچە ئاچقۇچ مۇندەرىجىسى بېرىلىپ، شۇ مەزمۇننىڭ قايسى سۈرە، قايسى ئايەتتە ئىكەنلىكى سۈرە-ئايەت نومۇرلىرى بىلەن ئېنىق كۆرسىتىلگەن، بۇ قىرغىزچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ ئۇيغۇرچە، قازاقچە نۇسخىلىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدە بىر تەرىپى. بىز خۇشاللىق ھېسسىياتى بىلەن، قىرغىزچە «قۇرئان كەرىم»نىڭ نەشردىن چىققانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز ۋە پېشقەدەم ئۆلىمايىمىز ھۇسەيىن ھاجى داموللامغا ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت تىلەيمىز!

▶ تەيۋەندىكى تەيجۇڭ مەسچىتى ئىكسكۇرسىيە ئۆمىكى 9-ئاينىڭ 29-كۈنى جەمئىيىتىمىزدە زىيارەتتە بولدى.





◀ كومورو ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ باش مۇپتىسى شەيخ سەئىد تاھىر مەۋلانە 9-ئاينىڭ 22-كۈنى جەمئىيىتىمىزدە زىيارەتتە بولدى.



▶ شىنجاڭ ئىسلام دىنى مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ئوتتۇرا ياش، ياش ئىماملار كۇرسانتلىرىدىن تەركىب تاپقان شىنجاڭ دىنى زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى 10-ئاينىڭ 10-كۈنى جەمئىيىتىمىزدە زىيارەتتە بولدى.



◀ 6-ئاينىڭ 18-كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپىنىڭ 9- قارارلىق تالىپلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. تالىپلار رەھبەرلەر، مۇدەررىسلەر بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



▶ 10-ئاينىڭ 30-كۈنى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دىنىي مەكتەپنىڭ 5-قارارلىق تالىپلىرى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ۋە رەھبەرلەر، مۇدەررىسلەر بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

